www.uyghurweb.net

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى

تۈزگۈچى: ھىمىت مەخسۇت  غەيرەتجان ئوسمان

تەھرىرى: تۇرسۇن مەخسۇت

مائارىپ نەشرىياتى 1986 ـ يىل ئۆرۈمچى

## 1 ـ باب  ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

### 1. ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، مەملىكىتىمىزدە ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلىرى ئىچىدە تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئەمگەكچان ـ باتۇرلۇقى، ئەقىللىق ۋە كۆرەشچانلىقى، ئاق كۆڭۈل ۋە سەممىيلىكى، ئۆزىنىڭ ياراتقان شانلىق مەدەنىيىتى بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ ۋە دۇنيانىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقانلىقى بىلەن تونۇلغان قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ئۇلۇغ مىللەت.

ئۇيغۇرلار كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن ھونلار، تۈركلەر بىلەن قان ـ قېرىنداش بولۇپ، تىل جەھەتتىن ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈرك تىللىرى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.

««ئۇيغۇر› دېگەن نام دەسلەپتە ئېتنىك (مىللىي) ئىسىم ئەمەس ئىدى. خۇددى داڭلىق شەرقشۇناس، ئاكادېمىك بارتولد: ‹تۈرك›» دېگەن ئېتنىك ئىسىم ئەمەس، بەلكى ‹تۈرك› دېگەن بۇ ئاتالغۇ تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ سىياسىي بىرلەشمىسىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ» دېگىنىگە ئوخشاش، «ئۇيغۇر» دېگەنناممۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرلەشكەن سىياسىي تەشكىلىنى كۆرسىتىدىغان نام.

16 ـ ئەسىردە ئۆتكەن خىيۋە خانى ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «تارىخىي شەجەرەئى تۈرك» («تۈركلەرنىڭ شەجەرىسى») دېگەن ئەسىرىدە: «ئۇيغۇر دېگەن نام ئوغۇزخان تەرىپىدىن تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ باتۇر، ئۇيۇشقاق بىر قىسمىغا، ئۇلارنىڭ جەڭلەردە كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى، خەلق ھەم ۋەتىنىگە كۆرسەتكەن سادىقلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن نام» دەپ كۆرسىتىدۇ.

بۇ پىكىرگە پروفېسسور كازلى (1841 ـ يىلى ئۆلگەن)، ئاكادېمىك رادلوپ (1890 ـ يىلى ئۆلگەن) لار قوشۇلىدۇ. شەرق تارىخشۇناسلىرىدىن رەشىدىددىن ئۆزىنىڭ «جامىئۇت تەۋارىخ» (تارىخلار توپلىمى) دېگەن كىتابىدا بۇ پىكىرگە ئاساسلار كۆرسەتكەن ئىدى.

ئەبۇلغازى باھادىرخان ئۆز پىكرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ««ئۇيغۇر› سۆزى ئۇيۇشقاق، ‹يېپىشقاق›، ‹بىرىككەن› مەنىسىدە بولۇپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدە شۇنداق خۇسۇسىيەتلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ‹ئۇيغۇر› دەپ نام بېرىلگەن» دەيدۇ.

بۇ نام دەل مۇشۇنداق ئاساستا مەيدانغا چىققانمۇ، بۇنىڭغا تا ھازىرغىچە نەق، ئىلمىي، تارىخىي ئاساستا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىت كەم، بولسىمۇ يېتەرلىك ئەمەس.

ئەمما «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇنىڭ تومۇرى تۈركچە ئىكەنلىكىنى كىلاپورت، پىلانو، كارنىپلى قاتارلىق تىلشۇناسلار ئۆز ئاساسلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ. دېمەك، «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ سىياسىي تەشكىلىنىڭ نامى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. 8 ـ ئەسىرلەردە، ھازىرقى تاشقى موڭغۇلدا قۇرۇلغان دۇنياغا داڭلىق ئورخۇن دۆلىتىمۇ ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دۆلىتى، دەپ ئاتىغان ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى جۇڭگو يىلنامىلىرىدە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرگە قاراپ ئوخشىمىغان ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ھون ئىتتىپاقىغا كىرگەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرلەردە دىڭلىڭ ( ) دېگەن نام بىلەن، ئاتالغان بولسا، مىلادى 4 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە يۈەنخې () دېگەن نام بىلەن، 5 ـ ئەسىرلەردە گاۋچې ( ) دېگەن نام بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن تېلې ( )، ۋېيخې ( )، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەندە خۇيخې ( )، مىلادى 788 ـ يىللاردىن كېيىن خۇيگۇ () دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان.

ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقى 9 قەبىلىدىن، بەزىدە 10 قەبىلىدىن تەشكىل تاپقاچقا، بەزى تارىخىي ھۆججەتلەردە «توققۇز ئوغۇزلار» دەپ ئاتىلىدۇ. خەنزۇ تارىخىي مەنبەلىرىدە بولسا «توققۇز تۈركلەر» ( ) دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇرلار ئۇرۇق، قەبىلىدىن قەبىلە ئىتتىپاقى بولۇپ، قەبىلە ئىتتىپاقىدىن خەلق، خەلقتىن مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن ھەمدە مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى بېسىپ ئۆتۈش جەريانىدا نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئەگرى ـ توقايلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن. بۇنداق ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ جەريان ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، ئېتنىك تەشكىلى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە ئاڭ ـ پىكرى، تىل تەرەققىياتىغا ماھىيەتلىك تەسىر كۆرسەتتى، بۇ ئۇلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىغا، ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە سىڭىپ كىرىپ، چوڭقۇر ئىز قالدۇردى.

www.uyghurweb.net

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغان جايلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى ئانا ماكانى شىنجاڭنى ئاساس قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا بولۇپ، دۇنيا جامائەتچىلىكى بىردەك ئېتىراپ قىلغان تارىخىي ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بۇ كۆزقاراشنى يىمىرىلمەس پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بەرمەكتە.

ياۋروپالىق تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىچە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخ سەھىپىسىدىكى تەرەققىياتى بىر خىل بولغان ئەمەس. بۇنىڭغا ھەرقايسى خەلق ياشىغان جاينىڭ جۇغراپىيىۋى شارائىتى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولغان.

دەريا بويلىرىدىن ماكان تۇتقان، دېھقانچىلىق شارائىتى ياخشى بولغان خەلق دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۇراقلىق ھايات كەچۈرۈپ، مەدەنىيەتكە خېلى بۇرۇنلا قەدەم قويغان.

مەسىلەن، تارىم دەرياسى ۋادىسى، نىل دەرياسى ۋادىسى (مىسىردا)، گاڭگا دەرياسى ۋادىسى (ھىندىستاندا)، سىر دەريا ۋادىسى، خۇاڭخې، چاڭجياڭ قاتارلىق چوڭ ـ چوڭ دەريا ۋادىلىرىدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى خېلى بۇرۇنلا تەرەققىي قىلغان.

تاغ ئېتەكلىرى، يايلاقلاردا ياشىغان خەلقلەر كۆچمەنچىلىك، چارۋىچىلىق بىلەن، ئورمانلاردا ياشىغانلار ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىمۇ ئۆزىنىڭ ياشىغان شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا قاراپ ئۆزىگە يارىشا تەرەققىي قىلغان. خەلقلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزا ـ قىشلاق، شەھەر، ئۆتەڭلەردە بولسا، مەدەنىيەت تېز ۋە يۈكسەكرەك تەرەققىي قىلغان.

كەڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەريا ۋادىلىرى، چەكسىز كەتكەن ئورمان ۋە ئوتلاقلارغا ئىگە بولغان، تەبىئىي شارائىتى ياخشى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپلا مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا تەبىئىي شارائىت ئۆزگىرىپ، دەريا سۇلىرى قۇرۇپ، كۆللەرنىڭ، دېڭىزلارنىڭ ئورنىنى قۇم بارخانلىرى ئىگىلەپ، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەن.

ھازىرقى كاسپىي دېڭىزى، بالقاش كۆلى، لوپنۇر كۆلى، سايرام كۆلى ۋە باغراش كۆلى، ئارال دېڭىزى قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ ـ كىچىك كۆللەر بۇرۇنقى دېڭىزدىن قالغان پارچە كۆللەردىن ئىبارەت.

بۇنىڭدىن ئون مىڭ يىللار بۇرۇن قۇرغاقچىلىق ۋەھىمىسىدە قالغان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئوتتۇرا ئاسىيادىن تەرەپ ـ تەرەپكە قاراپ كۆچۈۋشكە باشلىغان.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى ــ تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرىگە يېقىن بولغان سىرىق دەريانىڭ شىمال تەرىپىگە كۆچكەن، يەنە بىر قىسمى تارىم ۋادىسىدا داۋاملىق

www.uyghurweb.net

ئولتۇراقلىشىپ قالغان. سىرىق دەريانىڭ شىمال تەرىپىگە كۆچكەنلەر تاشقى موڭغۇلدىكى ئورخۇن، سىلىنگا دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرىغا، بايقال كۆلىنىڭ بويلىرىغا ئورۇنلاشقان، تارىختىكى هونلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار دەپ ئاتالغانلار مانا شۇ تارىم بويىدىن كۆچۈپ بارغانلارنىڭ ئەجدادلىرىدۇر.

«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1981 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنىشىچە (ئۇيغۇرچىدا): 1979 ـ يىلى قىشتا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئۆمىكى لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدىن تەخمىنەن 70 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كۆنچى دەرياسى تۆۋەن ئېقىمىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى بىر ئېپتىدائىي جەمئىيەتكە مەنسۇپ قەبرىستانلىقتىن ئىككى جەسەتنى تاپقان. ئۇنىڭ بىرى، ياش ئايالنىڭ جەستى، يەنە بىرى بالىنىڭ جەستى. نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ «كاربون 14» تەجرىبىخانىسى جەسەت بىلەن بىللە قېزىۋېلىنغان ياغاچ ۋە باشقا بۇيۇملارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق جەسەتلەرنىڭ بۇندىن 6421 يىل بۇرۇنقى جەسەت ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى[1] بۇ جەسەتلەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە هەتتا پۈتۈن مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ قەدىمىي جەسەت ئۈلگىسى هېسابلىنىدۇ. دۇنيا بويىچە ئالغاندىمۇ، هازىرغىچە تېپىلغان قەدىمكى جەسەتلەر ئىچىدە ئەڭ قەدىمكىسى هېسابلىنىدۇ.

بۇ ئىككى جەسەت ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە قېزىۋېلىنغان تۈرلۈك نەرسىلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ جىسمانىي ئالاهىدىلىكىنى، شىنجاڭنىڭ دېهقانچىلىق، چارۋىچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، هۈنەر ـ سەنئەت قاتارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە.

جەسەت تېپىلغان قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەر ناهايىتى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدىن بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ تىزىلغان يەتتە قات يۇملاق ياغاچ ۋە هارۋا چاقىنىڭ شادىسىغا ئوخشاش تىزىلغان يۇملاق شەكىلدە ياغاچلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. گۆرنىڭ شەكلى، ئاساسەن، ئۈچ خىل بولۇپ، جەسەت بىلەن هەر خىل نەرسىلەر بىللە قوشۇپ كۆمۈلگەن. جەسەت قېزىۋېلىنغان گۆرنىڭ ئىككى بېشىغا بىردىن ياغاچ قويۇلغان بولۇپ، يەر ئۈستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. گۆر تىك قىلىپ قېزىلغان، جەسەتلەر ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان. گۆر ئۈستى ياغاچ تاختاي بىلەن يېپىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوي تېرىسى ۋە ئەخلەت ئالىدىغان شازا شەكلىدىكى چىغ توقۇلما يېپىلغان. جەسەت ناهايىتى يىرىك، قوپال توقۇلغان يۇڭ توقۇلما رەختكە ئورالغان بولۇپ، ئۆز پېتى ساقلانغان. ئايال جەسەتنىڭ بېشىغا كىگىز تەلپەك كىيگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ سارغۇچ ئۇزۇن چېچى دولىسىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ. كۆزلىرى بۇلاقتەك، كىرپىكلىرى ئۇزۇن، ئاغزى ئويماقتەك، بۇرنى قاڭشارلىق بولۇپ، بەكمۇ چىرايلىق ئىدى.

---

[1] بۇ خەۋەر «خەلق گېزىتى»نىڭ 1981 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى سانىدىمۇ (1 ـ بەتتە) ئېلان قىلىنغان.

جەسەت بىلەن بىللە قېزىۋېلىنغان نەپىس توقۇلغان چىغ سېۋەتلەرنىڭ ئىچىگە زىرائەت دانلىرى سېلىنغان بولۇپ، بۇ دانلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چىرىپ، ئۇنغا ئايلىنىپ كەتكەن.
بالا جەستى بىلەن بىللە كۆمۈلگەن چىغ سېۋەتتىن ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان بۇغداي چىققان. مۇشۇ قەبرىستانلىقتىكى باشقا قەبرىلەردىن تاش قورالار، ياغاچ ئەسۋاپلار، سەدەپ مارجان، تاش مارجان، ياغاچتىن ئويۇلغان ئادەم ھەيكىلى ۋە ھەرخىل ھايۋانات سۆڭەكى قاتارلىق يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە مەدەنىي بۇيۇملار قېزىۋېلىندى.
يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى جەسەت ھەققىدىكى مەلۇمات دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ھەيران قالدۇردى، چۈنكى ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى ئانا ماكانى، ئىرقىي كېلىپ چىقىشى، مەدەنىيىتى قاتارلىق جىددىي مەسىلىلەرگە قايىل قىلارلىق دەرىجىدە جاۋاب بېرىدۇ.
6412 يىل بۇرۇن ئۇيغۇر ئايال بىلەن بالىنىڭ لوپنۇر ئەتراپىغا دەپىن قىلىنىشى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋردىن تارتىپ شىنجاڭدا ياشاپ كەلگەنلىكىنى ۋە بۇندىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى، قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئۆزىگە يېقىن بولغان ھازىرقى ئىچكى، تاشقى موڭغۇلغا، بايقال كۆلىنىڭ بويلىرىغا كۆچۈپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان پولاتتەك پاكىت.
لوپنۇر ئەتراپىدىن تېپىلغان ياش ئايال بىلەن بالىنىڭ جەستى ھەققىدىكى مەلۇماتتا «بۇلار ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز ۋە مەملىكەت بويىچىمۇ ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى جەسەت ئۆلۈكىسى؛ شۇنداقلا دۇنيا بويىچىمۇ ھازىرغىچە تېپىلغان قەدىمكى جەسەتلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇنقى جەسەت ئۆلۈكىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دېيىلگەن.
دۇنيا تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، ھازىرغىچە دۇنيادا مەدەنىيەت ئەڭ بۇرۇن باشلانغان جاي دەپ ھېسابلىنىۋاتقان ئافرىقىدىكى نىل دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان ئېھراملار (پىرامىدىلار) ئىچىدە ئەڭ قەدىمكى ئېھرام دەپ تونۇلغىنى بۇندىن 5500 يىل بۇرۇن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە مىسىر پادىشالىرىنىڭ جەستى دەپىن قىلىنغان. مانا شۇ جەسەتلەر ھازىرغىچە دۇنيادا تېپىلغان جەسەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى ھېسابلىنىپ كەلگەن. لېكىن لوپنۇردا تېپىلغان جەسەت ئۇنىڭدىن 912 يىل كونا. شۇنداق بولغاندا، دۇنيا تارىخى بۇندىن كېيىن دۇنيادا مەدەنىيەت ئەڭ بۇرۇن باشلانغان جاي مىسىردىكى نىل دەرياسى بويلىرى ئەمەس، ئاسىيادىكى تارىم دەرياسى بويلىرى دەپ يېزىشقا تامامەن ھەقلىق.
يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جەسەت ھەققىدىكى مەلۇماتتا يەنە «گۆر تىك قىلىنىپ قېزىلغان، جەسەتلەر ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان. تۆت ئەتراپى ياغاچلار بىلەن توسۇپ قويۇلغان، گۆر ئۈستى ياغاچ تاختاي بىلەن يېپىلغان» دېيىلگەن.
گۆر ئۈستىنىڭ ياغاچ تاختاي بىلەن يېپىلىشى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇ دەۋرلەردىلا تۆمۈر قورال، ھېچبولمىغاندا مىس قورالارنى ئىشلىتەلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى ياغاچنى تاش

قورال بىلەن چاناپ تاختاي قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنى تۆمۈر پالتا، تۆمۈر ھەرە ياكى مىس پالتا، مىس ھەرە بىلەنلا تاختاي ھالىتىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن.

جەسەتنىڭ يۈك رەخت بىلەن كېپەنلىنىشى، ياغاچ تاختاي، چىغ سېۋەت ۋە سېۋەت ئىچىدە بۇغداينىڭ ساقلىنىشى تارىم ۋادىسىدا مەدەنىيەتنىڭ ناھايىتى قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ باشلىنىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ـ ھۈنەرۋەنلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، لوپنۇر ئەتراپىدىن تېپىلغان جەسەتلەر ۋە باشقا بۇيۇملار تارىخچى مورگاننىڭ «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم دەرياسى تۈزلەڭلىكى ئاستىدا كۆمۈكلۈكتۇر، قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى مەلۇم بولغۇسىدۇر» دېگەن ھۆكۈمىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

مىلادى 2 ـ ئەسىردە ياشىغان يۇنان ئالىمى پتولومى ئۆزىنىڭ 10 توملۇق «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسىرىدە، ھازىرقى تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاساسىي يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ھايات پائالىيىتى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتلىرى (تاغ ـ دەريالىرى) ھەققىدە خىلى تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن.

«ۋەي يىلنامىسى، ئېگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە»، «ۋەي يىلنامىسى، جۇجانلار ھەققىدە قىسسە» بابلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادى 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ھازىرقى تاشقى موڭغۇلنىڭ شەرقىي قىسمىدا ياشايدىغان، ياۋروپا تارىخچىلىرى ئاۋارلار دەپ ئاتايدىغان جۇجانلار باش كۆتۈردى. جۇجانلار مانجۇ ـ موڭغۇل نەسلىگە مەنسۇپ بولۇپ، بىرنەچچە ئەسىر يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردىن مىلادى 1 ـ ئەسىرگىچە ھون ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تەركىبىدە تۇرغانلىقتىن، ئۇلار تۈركلەشكەن خەلق ئىدى. مانا شۇ جۇجان تۈركلىرىنىڭ خاقانى مىلادى 400 ـ يىللىرى، تاشقى موڭغۇلدىكى ئۇيغۇرلارنى، ئالتايدىكى تۈركلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن تېخىمۇ قۇدرەت تاپتى. ئۇيغۇرلار جۇجان خاقانلىقىنىڭ قولىدا ھەربىي خىزمەت ئۆتەشكە مەجبۇر قىلىنغان بولسا، ئالتايدىكى تۈركلەر جۇجانلار ئۈچۈن ھەربىي قورال ياساپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىنغان. چۈنكى ئالتاي تۈركلىرى مىتال ئېرىتىپ تۈرلۈك ھەربىي قوراللارنى ياساشقا ئۇستا ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى جۇجان خاقانلىقىنىڭ زېمىنى غەربتە ھازىرقى قارا شەھەرنىڭ شىمالىغىچە، شەرقتە چاۋشيەننىڭ غەربىي قىسمىغىچە، شىمالدا تاشقى موڭغۇلنىڭ شىمالىغىچە، جەنۇبتا ئىچكى موڭغۇلنىڭ جەنۇبىغىچە سوزۇلغان، ئۇنىڭ پايتەختى ھازىرقى گەنسۇ (كەڭسۇ) ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا ئىدى.

مىلادى 487 ـ يىلى، تاشقى موڭغۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بورىكلى قەبىلىسىنىڭ (بوكلىكلەر) خانى ئاي ئوجرونىڭ يېتەكچىلىكىدە جۇجانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىغا (جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا) قاراپ كۆچكەن. جۇجان خاقانى تولۇن

خان ۋە ئۇنىڭ تاغىسى ئايناغاي خانلار ئۇيغۇرلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ شىنجاڭغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار تولۇن خاقان بىلەن ئايناغاينى تارمار كەلتۈرگەن. مىلادى 487 ــ يىلى شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار شۇ جايدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ، تارىختا «ئېگىز هارۋىلىقلار» (« ») خانلىقى دەپ نام ئالغان ئۇيغۇر خانلىقىنى (487 ــ يىلىدىن 546 ــ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) قۇرغان. 59 يىل هۆكۈم سۈرگەن بۇ خانلىقنىڭ پايتەختى ماناس ئەتراپىدا بولۇپ، زېمىنى شىمالدا ئالتاي، شەرقتە قۇمۇل، غەربتە ئىلى ۋادىسى، جەنۇبتا قاراشەهەر، لوپنۇر ئەتراپلىرىغىچە سوزۇلغان. بۇ خانلىق ئۆزگە چېگرىداش بولغان شىمالدىكى جۇجانلار بىلەن، جەنۇبتا ئاق هونلار بىلەن، لوپنۇر ئەتراپىدا تاڭغۇتلار بىلەن (تىبەت خانلىقى) دائىم ئۇرۇشۇپ تۇرغان.

موڭغۇلىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ مىلادى 487 ــ يىلى شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىشى پەقەت ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قوينىغا، ئانا ماكانىغا قايتىپ كېلىشتىنلا ئىبارەت.

خۇلاسە قىلغاندا، يۇقىرىدىكى پاكىتلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ، شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئاساسىي يەرلىك خەلقى ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى ئىكەنلىكىنى، ئون مىڭ يىللار بۇرۇن يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى هازىرقى تاشقى موڭغۇلىدىكى ئورخۇن، سېلىنگا دەرياسى ۋادىلىرىغا، بايقال كۆلى ئەتراپىغا كۆچۈپ بېرىپ ماكانلاشقان بولسىمۇ، تۈرلۈك تەبىئىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭغا ــ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قوينىغا، ئانا ماكانىغا قايتىپ كېلىپ، ئالتاي، يەتتە سۇ (هازىرقى قازاقىستانغىچە)، تەڭرىتاغ (تيانشان) ئېتەكلىرى، هەتتا كوئېنلۇن باغرىغىچە، دۇڭخۇاڭ، چىلىيەنشەن، گەنسۇ ئەتراپىغىچە ماكانلاشقانلىقىنى تولۇق ۋە قايىل قىلارلىق هالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. 8 ــ ئەسىردە، ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەبىئىي ئاپەت، ئىچكى ــ تاشقى ئۇرۇش ــ تالاش سەۋەبىدىن پايتەختىنى شىنجاڭغا كۆچۈرگەنلىك توغرىسىدىكى پاكىتنى قوشقاندا، بۇ ئىسپاتنى تېخىمۇ زور ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەردە ئەنە شۇنداق كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتۇن دىياردا ياشىغان ئىدى.

تەكرارلاش سوئاللىرى

1. ئۇيغۇرلار كىم؟ «ئۇيغۇر» دېگەن نام قانداق كېلىپ چىققان؟ ئۇنىڭ مەنىسى نېمە؟
2. ئۇيغۇرلار قەيەرلەردە ياشىغان؟ ئۇنى قانداق ئىسپاتلايسىز؟
3. ئۇيغۇرلار خەنزۇ تارىخىي مەنبەلىرىدە قايسى ناملاردا ئاتالغان؟

## 2 ـ باب  ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقلىرى

### 1. ئۇيغۇر تىلى

ۋەتىنىمىز كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت بولغىنى ئۈچۈن، تىل سىستېمىسىمۇ خېلى كۆپ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، خەنزۇ ـ زاڭزۇ تىل سىستېمىسى، ئالتاي تىل سىستېمىسى، ئاۋسترو ئاسىيا تىل سىستېمىسى، جەنۇبىي ئاسىيا تىل سىستېمىسى، ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسى قاتارلىق بەش خىل تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ 80 خىلدىن كۆپرەك تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەت ۋە خەلق ياشايدۇ.

ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى ناھايىتى چوڭ تىل سىستېمىسى، ئۇ، تۈركىي تىللار تۈركۈمى، موڭغۇل تىلى تۈركۈمى، مانجۇ ـ تۇنگۇس تىلى تۈركۈمى ۋە چاۋشيەن، ياپون تىلى تۈركۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا بۇ تىل سىستېمىسى ئورال تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغان ئۇگۇر ـ فىن ۋە سامودى تىللىرى تۈركۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تېخىمۇ زور ئورال ـ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھازىر دۇنيادا مۇشۇ تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 200 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلار، ئاساسەن، ئاسىيا ۋە ياۋروپانىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدا ياشايدۇ. ئۇيغۇر تىلى ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تاتار، يۇغۇر، سالا، نوغاي، تۈركمەن، تۈرك، ئەزەربەيجان، باشقىرت، قارا قالپاق، قۇمىق، تۇخار، خاكاس، چۇۋاش، ياقۇت، قارايىم، قاراچاي، شور، ئاباقان، تىلۋوت، تورا، قۇندۇم، كوماندى، قويبول، كورىك، سۇيۇت، ساغاي، بارابا، قاچا، لىبىد قاتارلىق تىللار بىلەن بىر قاتاردا تۈركىي تىللار تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولۇپ، تۈركىي تىللارنىڭ تۈركۈمىنىڭ شەرقىي تۈركىي تىللار تارمىقىغا مەنسۇپ بىر خىل تىل.

دۇنيا تۈركشۇناس ئالىملىرى تۈركىي تىللار شەكىللىنىش تارىخىنى مۇنداق ئالتە دەۋرگە بۆلىدۇ:

1. ئالتاي دەۋرى: بۇنىڭ يىل ھېسابى ئېنىق ئەمەس. ئالىملارنىڭ ئىلمىي پەرىزىچە، مىلادىدىن بۇرۇنقى خېلى ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. ھون دەۋرى: مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 ـ ئەسىردىن مىلادى 3 ـ ئەسىرگىچە ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. قەدىمكى تۈركىي دەۋرى: مىلادى 5 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4. ئوتتۇرا تۈركىي دەۋرى: يەنى تۈركىي تىللارنىڭ تەرەققىي قىلىپ بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلىپ، ئايرىم شەكىللىنىشكە باشلىغان دەۋرى بولۇپ، مىلادى 10 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

www.uyghurweb.net

5. يېڭى تۈركىي دەۋرى: تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى شەكىللىنىپ، مۇستەقىل تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان دەۋرى بولۇپ، مىلادى 15 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرگىچە ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
6. ئەڭ يېڭى دەۋرى: بۇ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى دەۋرىدىن باشلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى ئىز بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى تەكشۈرگەندە، تۆۋەندىكى جەريانىنى كۆرگىلى بولىدۇ:
1. ئالتاي دەۋرىدە، مانجۇ ـ تۇڭگۇس (سىيانپى) گۇرۇپپىسى بىلەن موڭغۇل، تۈركىي تىل گۇرۇپپىسى ئايرىلىپ، مۇستەقىل ئىككى تىل گۇرۇپپىسى شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى موڭغۇل، تۈركىي تىل گۇرۇپپىسنى تەكشۈرگەندە، موڭغۇل تىلىدىن تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ تىلىمۇ ئايرىلىپ چىقىپ شەكىللىنىشكە باشلىغان. موڭغۇل، تۈركىي تىل گۇرۇپپىسىدىن ئەڭ ئالدى بىلەن ئايرىلىپ چىقىپ شەكىللىنىشكە باشلىغان تىل ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن ئوگور (ئوغرى)، قوتورغور (قوتتاغور)، ساراگور (ساراغور) لارنىڭ تىلى، كېيىنرەك ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى شەكىللىنىشكە باشلىغان.
2. هون دەۋرىدە، تۈركىي قەبىلىلەر ئۇزاققىچە بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلىشىپ ياشاپ، ئۈچ تىل گۇرۇپپىسنى شەكىللەندۈردى: 1) پۈتۈن ئۇيغۇر قەبىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نەسىللىرى بىرلىشىپ قارلۇق، ئوغرى تىلى گۇرۇپپىسنى شەكىللەندۈردى؛ 2) ئوغرى تىلى گۇرۇپپىسى شەكىللەندى؛ 3) قىپچاق تىلى گۇرۇپپىسى شەكىللەندى.
3. قەدىمكى تۈركىي دەۋرىدە يەنى 5 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە تۆۋەندىكى ئۈچ دەۋرنى بېشىدىن كەچۈردى: 1) توكيو دەۋرى (5 ـ ئەسىردىن 8 ـ ئەسىرگىچە بولغان كۆك تۈرك دەۋرى)؛ 2) قەدىمكى ئۇيغۇر دەۋرى (8 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە)؛ 3) قەدىمكى قىرغىز دەۋرى (9 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە).
4. ئوتتۇرا تۈركىي دەۋرى. 10 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۈركىي تىللار رەسمىي شەكىللىنىپ، تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا كىرگەن بۇ دەۋر سىياسىي كۈچلەر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مۇنداق ئىككى دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1) قاراخانىلار دەۋرى (10 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرگىچە)؛ 2) موڭغۇل ـ چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ دەۋرى.
10 ـ ئەسىردە، قۇدرەت تاپقان ياغما قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلىپ ئالدىن بالاساغۇن، كېيىن قەشقەرنى مەركەز قىلغان هالدا كۈچلۈك قاراخانىلار دۆلىتى قۇرۇلدى. قاراخانىلار پۈتۈن ماۋرائۇننەهرى ۋادىسىنى ۋە سامانىيلار (ئىرانلىقلار) غا تەۋە بولغان غەربتىكى بۇخارا، سەمەرقەندلەرنىمۇ ئۆز ئىلكىگە كىرگۈزدى. ئۇ ئۇششاق فېئودال ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى 10 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان مەدەنىيەتلىك تۈركىي ۋە ئىران خەلقلىرىنىمۇ ئۆزىگە بويسۇندۇردى. بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي ئەدەبىي تىل ئىككى مەركەزنى ئاساس قىلغان خاراكتېرگە ئىگە ئىدى:

1) خاقانىلار تىلى (خاقانىيە تىلى) بولۇپ، بۇ، قارلۇق ــ ئۇيغۇر تىلى. بۇ تىل پۈتۈن غەرب ۋە شەرقىي ئاسىيادا ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن.
2) قارلۇق ــ خارەزىم تىلى. بۇ تىل قاراخانىيلارنىڭ ئەدەبىي تىلى بولغان قارلۇق ــ ئۇيغۇر تىلى (خاقانىيە تىلى) تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، خارىزىم ئوبلاستىدا موڭغۇل ئىستىلاسىغىچە ئۆلگە بولۇپ كەلگەن. موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن خارەزىمنى مەركەز قىلغان جوجى ئۇلۇسى (پۇقراسى) «ئالتۇن ئوردا» ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى يېزىق جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى، قىسمەن ئەرەب ئېلىپبەسىنى ئىشلەتتى. ئەمما يازما ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدا قارلۇق ــ ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلەتتى. يۇقىرىقىلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ قىسقىچە جەريانىدۇر.
ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنلا ھون ئىتتىپاقىغا كىرگەن. ھون ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغۇچى قارلۇق قەبىلىسى قارلۇق ــ ئۇيغۇر تىلىنى شەكىللەندۈرۈپ، قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ «خاقانىيە تىلى»نىڭ ئاساسىنى ياراتقان ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادا شەرق ۋە غەرب ئەدەبىي تىللىرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەڭ ئاخىرى يېڭى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۆزبېك تىللىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان قارلۇق ــ ئۇيغۇر تىلى ھون تىلىنىڭمۇ ئاساسى دېگەن ھۆكۈمگە ئېلىپ كېلىدۇ.
تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ بىر قىسمى ئەڭ قەدىمىي چاغلاردا ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىنىڭ ئورخۇن، توغلا دەريالىرى ۋادىسىدا ياشىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. مانا شۇلارنىڭ ئورخۇن دەرياسىنىڭ «خۇن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تارمىقىنىڭ بويىدا ياشىغانلىرى ئۆزلىرىنى ئاشۇ دەريانىڭ نامى بىلەن «خۇن» دەپ ئاتاشقان ئىكەن. بەزى تۈركشۇناسلار «ھون» سۆزى ئەنە شۇ «خۇن» سۆزىدىن كېلىپ چىققان، دېيىشىدۇ. يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ھازىرقى تۈركشۇناسلارنىڭ بىر قىسمى قەدىمكى چاغلاردا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرىنى «كۈن» دەپ ئاتاشقان. چۈنكى شامان دىنى كۆپ خۇدالىق دىن بولۇپ، ئۇنىڭدا كۈن تەڭرىسى ئاساسلىق تەڭرى ئىدى، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش ناھايىتى مۇھىم ئورۇنداق تۇراتتى. « ھون» سۆزى ئەنە شۇ «كۈن» سۆزىدىن كېلىپ چىققان، دېيىشىدۇ. قانداق بولمىسۇن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى خىل ھۆكۈمنىڭ بىرى توغرا دېيىلگەندىمۇ، «ھون» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ.
ھازىرقى زامان تۈركولوگلىرى ئۆز تەتقىقاتلىرىدا ئەنە شۇ ھونلارنىڭ تىلى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. شۇ نەرسە ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىنكى، تىل تارىخىنىڭ شەكىللىنىشىدە «ھون تىلى» دېگەن ئىبارىنى زادى ئۇچراتمايمىز. ئەكسىچە، ئۇنىڭ

ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان، ئۇنىڭ قان قېرىنداشى بولغان ئۇيغۇرلار ۋە ئۇنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ تىل تارىخىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ بۇ جەرياندا تۇتقان ئورنى، رولى توغرىسىدا يېتەرلىك پاكىتلارنى تاپالايمىز.
خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ شەرقىي تۈرك تىلى قارمىقىدىكى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە تىل بولۇپ، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىن بېرى تەرەققىي قىلىپ، مۇكەممەللىشىپ، بېيىپ كەلدى. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، تىلنىڭ فونېتىكا سىستېمىسى، لۇغەت تەركىبى ھەم گراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا كۆپلىگەن يېڭىلىنىش، تولۇقلىنىش، قېلىپلىشىش بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تىلنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئۇزاق تارىخىي دولقۇنلارنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى بىلەن بىللە ساقلىنىپ تەرەققىي قىلدى. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىپادىلەش ئۇنۇمى ئۆسۈپ، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ چوڭقۇر جەريانلىرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان نەپىس، پاساھەتلىك (سەنئەتلىك)، باي تىلغا ئايلىنىپ، دۇنيادىكى تارىخى ئەڭ كونا، لۇغەت تەركىبى بىرقەدەر باي تىللارنىڭ بىرى بولۇپ  قالدى. ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» بۇنىڭ جانلىق پاكىتى.

## 2. ئۇيغۇر يېزىقلىرى

ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرىدىكى پاكىتلىرى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخىنىڭ خېلى ئۇزاق تارىخىي دەۋرگە بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى يېزىق بىلەن تىلنىڭ شەكىللىنىشى ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنى بىر بىرىدىن مۇتلەق ئايرىۋېتىش ماركسىزملىق تىلشۇناسلىق ئىلمىگە ئۇيغۇن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىغا قاراپ، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ پەيدا بولۇشىنىمۇ پاكىتلارغا تايانغان ئىلمىي پەرەز ئۇسۇلى بىلەن مىلادىدىن خېلى ئۇزاق بىر دەۋرگە سۈرۈش مۇمكىن.
ھەممىگە مەلۇمكى، ھونلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىككى مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، شەرقىي تىنچ ئوكياندىن غەربىي كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى خەلقلەرنى ۋە مانجۇرىيە، سىبىرىيەدىكى پۈتۈن قەبىلىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، بۇ كەڭ زېمىندىكى 26 تۈركىي دۆلەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، جاھاننى زىلزىلىگە سالغان بۈيۈك ھون ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان. خېيۋا خانى ئوبۇلغازى باھادىرخان ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تارىخىي شەجەرەئى تۈرك» تە «ئوغۇزخان ئۆزىگە ئۇيغۇر ئاقساقىلى ئىرقول غوجىنى ۋەزىر قىلغان» دېگەن سۆز بار.

www.uyghurweb.net

ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تارىختا ئوغۇزخان دېگەن شەخس ئۇچرىمايدۇ. ئەمما تارىخ ئىلمى تېخى مەيدانغا كەلمىگەندە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ ئەپسانە ۋە رىۋايەت، چۆچەك قاتارلىقلار تارىخنىڭ رولىنى ئوينىغانلىقى ئىلمىي ھەقىقەت. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تارىختىكى ھون تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئوغۇزخان دېگەن نام ئالغانلىقى مەلۇم. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ھون ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، ھون تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئۇيغۇر ئاقساقلى ئىرقول غوجىنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلغانلىقى رېئاللىققا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ھون ئىمپېرىيىسى چىن ۋە ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى) قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە قىلىپ، سودا كېلىشىملىرىنى تۈزگەنلىكى تارىختىن مەلۇم. بۇ كېلىشىملەر، ئەلۋەتتە، يېزىق بىلەن ئىپادىلىنىشى كېرەك. بىر تەرەپنىڭلا يېزىقى بىلەن يېزىلىش ئەقىلگە سىغمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق بولۇش تارىختىكى ھېچقانداق دىپلوماتىيە قائىدىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىككى مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن ۋە شۇنچە كەڭ زېمىندىكى شۇنچە كۆپ خەلقنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرالىغان شۇنداق قۇدرەتلىك يېزىقى بولمىغان، دېيىش، ئەقىلدىن تولىمۇ يىراق، ئەلۋەتتە.

چىننىڭ غەرب بىلەن بولغان سىياسىي مۇناسىۋىتى خەن ۋۇدى زامانىدىن باشلانغانلىقى بىزگە تارىختىن مەلۇم (مىلادىدىن بۇرۇنقى 137 ـ يىللىرى جاڭ چيەن كەلگەندىن باشلاپ). ئەمما ھونلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 770 ـ يىللىرى ئۆتكەن جۇ سۇلالىسى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 403 ـ يىللىرى ئۆتكەن جەڭگو دەۋرلىرىدە چىننىڭ، شىمالىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. يەن، جاۋ، جىڭ بەگلىكلىرى دەۋرلىرىدە، چىن ھونغا قارشى سېپىل سوقۇشقا مەجبۇر بولدى. كېيىن چىن شىخۇاڭ بۇ سېپىللارنى بىرلەشتۈرۈپ، تارىختا مەشھۇر ئاتالغان 3000 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سەددىچىن سېپىلىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ھونلارنىڭ ھۇجۇمىنى توستى. چىن شىخۇاڭ ھايات ۋاقتىدا ھونلار سەددىچىن سېپىلىنى بۆسۈپ ئۆتەلمىگەن ئىدى.

خەن گاۋزۇڭ زامانىسغا كەلگەندە، ھونلار باتۇر تەڭرىقۇت رەھبەرلىكىدە سەددىچىن سېپىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، شەنشىنىڭ داتۇڭ دېگەن يېرىدە خەن گاۋزۇڭنى قورشاۋغا ئېلىپ، ئۇلارنى ناھايىتى قورقىتىۋەتتى. خەن سۇلالىسى پادىشاھى خەن گاۋزۇڭ ھونلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاشقا مەجبۇر بولۇپ، ئىككى ئوتتۇرىدا كېلىشىك تۈزۈلدى ۋە باتۇر تەڭرىقۇتقا خەن سۇلالىسى پادىشاسىنىڭ قىزى ماۋچۈننى ياتلىق قىلدى. شۇ ۋاقىتدا تۈزۈلگەن بىتىملەر، ئەلۋەتتە، ئىككى خىل تىل ۋە ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇندىن باشقا، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، خەن سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ ھون تەڭرىقۇتىغا يازغان بىرنەچچە پارچە خېتى بار. بۇ خەتلەر يالغۇز خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان، دېيىشكە ئاساس يوق. بۇنداق خەتلەرنىڭ خېلىلا كۆپ ئىكەنلىكى بىزگە چىن يىلنامىلىرىدىن مەلۇم.

يۇقىرىدىكى پاكىتلار شۇنى ئېنىق كۆرسىتىدۇكى، ھون ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى ھازىر ئېيتىلىۋاتقاندەك 4 ـ، 5 ـ ئەسىرلەردە ئەمەس، بەلكى مىلادىدىن خېلىلا بۇرۇن يارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا، ھون ئىمپېرىيىسى ئىشلەتكەن تىل ئۇيغۇر تىلى، ھون ئىمپېرىيىسى ئىشلەتكەن يېزىقمۇ ئۇيغۇر يېزىقى، دېيىشكە ھەقلىقمىز.

شۇڭا مەشھۇر تۈركشۇناس ۋېنگىر ئالىمى ژورق تىئورنىڭ تۆۋەندىكى پىكرىنى ئاساسسىز دەپ قاراشقا بولمايدۇ: «ئەڭ قەدىمىي زامانلاردىن بېرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېزىقلىرى ۋە تۈرك تىللىرىدا يېزىلغان ھەرخىل ئەدەبىياتلىرى بار ئىدى. ئۇيغۇر يېزىقلىرى قەدىمكى زامان تارىخىغا دائىر ئىككەنلىكى توغرىسىدىكى بىزنىڭ پىكرىمىزنى قەدىمكى جۇڭگو، ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم) ۋە پارس مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان تارىخىي ھۆججەتلەر ئىسپاتلايدۇ. بارلىق تۈرك خەلقلىرى ئىچىدە ئەڭ قەدىمكى ھېسابلانغان ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بۇرۇن ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئۆزلىرىنىڭ مۇكەممەل يېزىقلىرى ۋە مۇستەقىل ئېلىپبەلىرىگە ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتى بولسا، ناھايىتى چىرايلىق ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ئەدەبىيات بولۇپ، ئۇ مۇ مىلادىدىن بۇرۇن ۋۇجۇدقا كەلگەن... مىلادىدىن 1000 يىل بۇرۇنقى  دەۋردىن باشلاپ، ئۆزلىرىگە خاس بولغان يىلنامىلەرنى ياراتقان...» دەيدۇ. (ۋ. تىئورى «14 ـ ئەسىرگىچە تۈرك سانلىرىدا تارىخىي ئابىدىلەر»، «تۈرك يۇرتى مەجمۇئەسى» 1915 ـ يىل، «شەرق ھەقىقىتى» 1949 ـ يىل 11 ـ سان) ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى 10 ـ ئەسىردە شىنجاڭغا كەلگەن ۋاڭ يەندىنىڭ «ئۇيغۇر دۆلەتلىرى توغرىسىدىكى خاتىرە»لىرىدىمۇ ۋە مەتمەر ئىبنى تاھىر ئەلمۇقەتتاسىنىڭ «كىتابۇلبەدئ ۋەتتارخ» دېگەن ئەسىرىدىكى پىكىرلەرمۇ تەستىقلايدۇ. ئەپسۇسكى، مانا دەپ پاكىت قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ زاماندا يېزىپ قالدۇرغان خەت ـ چەك ۋە ھۆججەت ئەسەرلىرىدىن بىزنىڭ زامانىمىزغىچە ھېچبىر نەمۇنىلەر يېتىپ كېلەلمىگەن.

يۇقىرىدىكى قائىدە ـ داۋلىدىن ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن ئۇيغۇر ئېلىپبەسى ۋە ئورخۇن يېزىقىدىن باشقا يەنە قانداقتۇر بىر يېزىقتىن پايدىلانغان بولۇشى ياكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى مىلادىدىن خېلىلا بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن. يېقىندا خوتەندىكى ئاق سېپىل خارابىسىدىن تېپىلغان كېسەكلەردىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى بۇ داۋلىنى ئىسپاتلاشقا ياردەم بېرىدۇ. لېكىن بۇنى تېخىمۇ تولۇق ۋە ئېنىق ئىسپاتلاش ئۈچۈن چوڭقۇر ئىزدىنىش كېرەك.

خۇلاسە قىلغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ پىكىر ـ مەقسەتلىرىنى، ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى بىرەر شەكىل ۋە بىرەر بەلگە بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە ئىنتىلگەن. بۇ ئىنتىلىش ئۇلارنىڭ يېزىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ، بۈگۈنكى دەۋرگىچە بولغان ئارىلىقتا

تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار، ئابىدىلەر، مەڭگۈ تاشلار، پەن ــ مەدەنىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە ئائىت بولغان ھەرخىل ئىلمىي، ئەدەبىي، دىنىي، پەلسەپىۋى ئەسەرلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ خېلىلا تەرەققىي قىلغان پارلاق مەدەنىيەتكە، مۇكەممەل ئەدەبىي تىلغا ۋە بۇ تىلنى تولۇق، بىمالال ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئېلىپبەلىك ئىلغار يېزىققا ئىگە مەرىپەتپەرۋەر خەلق ئىكەنلىكىنى روشەن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن تارتىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى تۈركولوگلار، ئۇيغۇرشۇناسلار دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن يازما يادىكارلىقلارنىڭ ماكان، زامان، تىل ۋە يېزىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلار مىلادى 4 ــ ئەسىرلەردە رەسمىي يېزىققا ئىگە بولغان، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئەمما يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى، تۇرپان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان يازما ۋە ئويما يادىكارلىقلارنىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى، تىلى ۋە يېزىقلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ پەقەت ئېلىپبەلىك يېزىقتىن پايدىلىنىش تارىخىلا ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. ئۇيغۇرلاردا رەسمىلىك يېزىق ۋە بوغۇملۇق يېزىق بولۇشتىن سىرت، تارىخىي مەلۇماتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، خوتەندىن تارتىپ كۇچار، ئاقسۇ ئەتراپىغىچە تۇخار، تىبەت، سانسكرىت (ھىندى)، مانى يېزىقلىرىنى ئىشلەتكەن. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيەت تارىخى جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىلغار ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ۋە ئېسىل ئەخلاق ــ پەزىلەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، قوشنا مىللەتلەرنىڭ يېزىق مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، باي ۋە گۈزەل مەدەنىيەت ياراتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇيغۇرلار ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخى مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈش جەريانىدا، «كونا ئۇيغۇر يېزىقى»نى «ئورخۇن ــ يېنىسەي يېزىقى»نى، «سوغدى يېزىقى»نى، قىسمەن خەنزۇ يېزىقىنى، كېيىن ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئىجاد قىلغان ھازىر ئىشلىتىۋاتقان «ئۇيغۇر يېزىقى»نى ئىشلىتىپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنى ئۆچمەس ئۆتۈقلار بىلەن بېيىتتى.

1) ئورخۇن ــ يېنىسەي (تۈرك ــ رونىك) يېزىقى

تارىخ 9 ــ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا قەدەم قويغاندا، ئۇيغۇر خەلقى ئۆز يېزىقى بولغان «تۈرك ــ رونىك يېزىقى»نى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى»غا راۋاجلاندۇردى ۋە ئۇنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىشقا باشلىدى. بۇ يېزىق تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئىجاد قىلىنغىنى ئۈچۈن «تۈرك يېزىقى» دەپ ئاتالدى. بۇ يېزىق ئىسكاندىنۇۋىيە يېرىم ئارىلىدىن تېپىلغان قەدىمكى نېمىسلار قوللانغان «رونىك يېزىقى»غا ئوخشاپ كەتكىنى ئۈچۈن، تۈركشۇناسلار ئۇنى «رونىك يېزىقى» دەپ ئاتىدى. ئەمەلىيەتتە، تۈركىي خاندانلىقى زېمىنىدىكى بارلىق تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنى ئىشلەتكەن، بۇ يېزىق جەمئىي 40 ھەرپتىن تەشكىل تاپقان.

www.uyghurweb.net

ئورخۇن ـ يېنسەي (تۈرك ـ رونىك) يېزىقىنى ئۇيغۇرلار 5 ـ ئەسىردىن 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان 300 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت قوللانغان.

بۇنىڭ بىلەن يېزىلغان يادىكارلىقلار ئورخۇن ـ يېنسەي ۋادىسىدىن كۆپرەك تېپىلغىنى ئۈچۈن «ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقى» دەپ ئاتىلىدى.

بۇ يېزىق بىلەن يېزىلغان يادىكارلىقلار 18 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغىچە، رۇس، فىن، شۋېت، فرانسۇز، نېمىس، دانىيىلىك ۋە باشقا چەت ئەللىك ئارخېئولوگلار، ئالىملار تەرىپىدىن سىبىرىيە، ئورخۇن ـ يېنسەي دەرياسى ۋادىلىرى، بايقال كۆلى ئەتراپى، ئالتاي رايونى، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىن تېپىلغان بولۇپ، بۇ يادىكارلىقلارنىڭ تىلىنى بىرىنچى قېتىم دانىيەلىك تومسىن، رۇسىيىلىك رادلوپ قاتارلىق ئالىملار ئوقۇپ چىققان ۋە بۇ يېزىقنىڭ تۈركىي خەلقلەر 5 ـ ئەسىرلەردە ئىشلەتكەن يېزىق ئىكەنلىكىنى، تىلىنىڭ تۈركىي خەلقلەر تىلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلغان. بۇ يادىكارلىقلار 5 ـ ئەسىردىن كېيىنكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغىنى ئۈچۈن ئالىملار بۇ يېزىقنى 5 ـ ئەسىردىن كېيىن ئىشلەتكەن يېزىق بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىماقتا.

بۇ يېزىق تۆت سوزۇق تاۋۇش ھەرپى، 36 ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئوڭدىن سولغا قاراپ يېزىلىدۇ. بۇ يېزىقتا يارىتىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى، تىل ـ يېزىقى، ئەدەبىيات ـ سەنئىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا غايەت زور قىممەتكە ئىگە.

2) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ «تۈرك ـ رونىك يېزىقى»نى خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل قوللاندى. مىلادى 840 ـ يىللىرى، قارا بالغاسۇننى مەركەز قىلغان ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى سىياسىي توقۇنۇشلار، تەبىئىي ئاپەت ۋە ئىچكى نىزا ـ ماجىرا تۈپەيلىدىن يىمىرىلىشكە يۈزلىنىپ، غەربتىكى ئۆز قېرىنداشلىرى يېنىغا كۆچكەندىن كېيىن، تۈرك ـ رونىك يېزىقىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش مەقسىتىدە ئۆز تىلىنى بىرقەدەر مۇكەممەل ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان، تېخىمۇ ئىلغارراق بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا راۋاجلاندۇردى ۋە ئۇنى 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ كەڭ تۈردە قوللىنىشقا باشلىدى. 10 ـ ئەسىردىكى مەشھۇر جۇڭگو سەيياھى ۋاڭ يەندى: «قاراقوجۇدىكى ئۇيغۇر خانلىقىدا باللارنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن پادىشالىقتىن تەمىنلىنىدىغان مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار بار ئىدى. ئۇيغۇرلار شېئىر ـ قوشاقا يېزىقا ناھايىتى ھەۋەسمەن كېلىدىكەن. ئۆز يېزىقلىرىنى ئەدەبىي ئەسەر يېزىشقا ئىشلەتكەندەك، كۈندىلىك ھاجەتلىرىگە ئىشلىتىدىكەن. راھىپلارنىڭ قولىدا ئۇيغۇرچە يېزىلغان كىتابلار بەك كۆپ ئىكەن» دەپ يازغان.

بۇ يېزىق شۇ چاغدا شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوللىنىلىپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى قېرىنداش تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان. ھەتتا كېيىنكى دەۋرلەردە، مانجۇرلار، موڭغۇللار، شۇڭلەرمۇ مۇشۇ يېزىق ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ ھازىرغىچە ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان يېزىقلىرىنى يارىتىۋالغان. ئەھمەد زەكىي ۋەلىد توغان ئۆزىنىڭ «تۈرك ـ تاتار تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە ۋە نەجىپ ئاسىم ئۆزىنىڭ «تۈرك تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە، ئوخشاش مەزمۇندا: «بۇ يېزىق ئۇيغۇرلاردىن باشقا تۈركى قەبىلىلەر ئارىسىدىمۇ ئومۇملاشقان. ئىسلامىيەت يېيىلىپ تاكى ھىجرىيە 9 ـ ئەسىرگىچە ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن، ھەتتا تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ئۇيغۇرچىغا تەخلىدەن دىۋان خېتى (ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ خەت ـ چېكى) دەپ ئاتالغان بىر خىل يېڭى يېزىقمۇ ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇر يېزىقى تۆمۈرىلەر دەۋرىدىن خېلى كېيىنمۇ قوللىنىلغان» دەپ يېزىشقان.

ۋامبرى تەرىپىدىن ئىستامبۇلدىن ئېلىپ كېتىلگەن «قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ نۇسخىسى بىلەن ۋىنا كۇتۇپخانىسىدىكى يەنە بىر نەزمى ئەسەرنىڭمۇ ئەينەن ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈپ يېزىلغانلىقى بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

ئۆزبېكىستان تىلشۇناسلىرى ف. كامال «ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىغا مۇقەددىمە» دېگەن ماقالىسىدە: «كونا ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلار ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئەمما بۇنىڭغا قارىماستىن، ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىش يۈرگۈزۈش 18 ـ ئەسىرگىچە داۋام قىلغان. بەزىبىر تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئايرىم يازما يادىكارلىقلار 15 ـ ئەسىردە ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدە يېزىلغان. مەسىلەن، ‹بەختىيارنامە› (1432 ـ يىل)، ‹تەزكىرەئى ئەۋلىيا› (1436 ـ يىل)، ‹مىراج نامە› (1439 ـ يىل) ۋە باشقا يادىكارلىقلار ھىرات شەھىرىدە ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدە كۆچۈرۈپ يېزىلغان ئىدى» دەپ يازىدۇ. بۇ ئەھۋال بۇ يېزىقنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش خەلقلەر ئارىسىدا، ئەرەب يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن «چاغاتاي» يېزىقى بىلەن پاراللېل ھالدا 900 يىلغا يېقىن گۈللىنىپ كېلىنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇپ، «ئىدىقۇت تېكىستلىرى» ۋە «ئىدىقۇت خەت ـ چەكلىرى»دە 18 ھەرپ ئىشلىتىلگەن. بۇ سولدىن ئوڭغا، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يېزىلىدىغان يېزىق بولۇپ، ھەربىر ھەرپ سۆز بېشىدا، سۆز ئوتتۇرىسىدا ۋە سۆز ئاخىرىدا يېزىلىدىغان شەكىللەرگە ئىگە. بۇلاردىن بەش ھەرپ سەككىز سوزۇق تاۋۇشنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى شۇ دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە بىرقەدەر ئۇيغۇنلاشقان يېزىق بولۇپ، تىلنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش جەھەتتە تۈرك ـ رونىك يېزىقىغا قارىغاندا ئۈنۈملۈكرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلاردىن باشقا قېرىنداش تۈركى خەلقلەر ئارىسىدىمۇ

كەڭ قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، مىللىي ئەدەبىي تىلنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرگۈچى ئاكتىپ ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. نەتىجىدە، بۇ يېزىقنى قوللانغان ھەممە تۈركى خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى بىر يېڭى باسقۇچقا كۆتۈردى. ئۇيغۇرلار بۇ ئىجادىي يېزىقنى قوللانغاندىن كېيىن، تۈرلۈك ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى ۋە دىنىي، پەلسەپىۋى، پەن – تېخنىكا، تېببىي ساھەدىكى ئەسەرلەر، شۇنداقلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىنى ئاساس قىلىپ شەكىللەنگەن بەدىئىي ئەدەبىياتى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندى. نەتىجىدە، ئەدەبىي تىل تەرەققىياتى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئۇيغۇر خەلقى بۇ يېزىق ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئالاقىلىشىش ئېھتىياجىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپلا قالماي، بەلكى «ئالتۇن ياروق»، «چاشتانى ئىلىك بېگ»، «شۈەنجاڭنىڭ تەرجىمھالى» («سامتسو ئاچارىنىڭ تەرجىمھالى»)، «ئىككى تىكىننىڭ ھېكايىسى»، «ئوغۇزنامە»، «ئىدىقۇت تېكىستلىرى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى مۇشۇ يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇردى. بۇ يېزىق ئارقىلىق يېزىلغان يادىكارلىقلارنىڭ پەقەت گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقانلىرىنىڭ سانى 8000 پارچىدىن ئاشىدۇ. بۇ مىراسلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى، يېزىقىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئومۇمەن ئالغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇر خەلقى مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق سەمەرىسى بولۇپ، ئۇ خەلقىمىز تارىخىنىڭ ئۆچمەس نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ.

3) ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى

ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئۇزۇن ۋاقىت قوللانغان يېزىقى بولۇپ، ھازىرمۇ ئىشلىتىلمەكتە. بۇ يېزىقنى ئۇيغۇرلار 10 – ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىر كۈچى بىلەن قوبۇل قىلغان. بۇ يېزىق قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنىڭ ئورنىنى بۇ يېزىققا بوشىتىپ بەردى. ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى 10 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ پۈتۈن قاراخانىلار زېمىنىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىشقا باشلاپ، 15 – ئەسىرلەرگە كەلگەندە، پۈتۈن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەممە يېرىدە كەڭرى ئىشلىتىلگەن بىردىنبىر يېزىق بولۇپ قالدى.

ئەرەب يېزىقى بويىچە ئەينەن قوبۇل قىلىنغان بۇ يېزىق 12 – ئەسىرگىچە ھېچقانداق ئۆزگەرتىلمەي قوللىنىلدى. 12 – ئەسىردىن ئېتىۋارەن بۇ يېزىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىلىشكە باشلاپ، ئۇنىڭدىكى ئەرەب يېزىقىغا خاس بولغان شەرتلىك بەلگىلەر ئېلىپ تاشلاندى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسىگە ماسلاشتۇرۇلدى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئەرەب تىلىدا بولمىغان «چ، پ، گ، ژ» قاتارلىق تۆت ھەرپ پارس يېزىقىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەسىگە

www.uyghurweb.net

كىرگۈزۈلدى. 13 ـ ئەسىردىن كېيىن «چاغاتاي يېزىقى» نامى بىلەن ئاتالغان ئۇيغۇر يېزىقى جەمئىي 32 ھەرپتىن تەشكىل تاپتى. ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ ئورتاق يېزىقىغا ئايلانغان بۇ يېزىق ھەربىر دەۋر ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، تاكى ھازىرغىچە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلار ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئىجاد قىلغان بۇ ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقىنىغا مىڭ يىل بولدى. مۇشۇ جەرياندا بۇ يېزىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتى ۋە خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكلىرىگە تەدرىجىي ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇپ، تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئېھتىياجىدىن تولۇق چىقىپ كەلدى. ئاشۇ مىڭ يىل جەريانىدا خەلقىمىزنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئالىملىرى، ئەدىپلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن مول مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىپ قالدۇرغان. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»، بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى قاتارلىق كىشى ئەقلىنى تاڭ قالدۇرىدىغان نامايەندىلەر  بۇنىڭ جانلىق پاكىتى بولۇپ، ئۇلار قالدۇرغان بۇ يادىكارلىقلار خەلقىمىزنىڭ پۈتكۈل تارىخىدىكى مەدەنىي مىراسلار خەزىنىسىدە ۋە دۇنيا خەلقلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىدە نۇر چېچىپ چاقناپ تۇرىدۇ.

تەكرارلاش سوئاللىرى

1. ئۇيغۇر تىلى قايسى تىل تۈركۈمىگە كىرىدۇ؟
2. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى چۈشەندۈرۈڭ؟
3. ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا قانداق يېزىقلارنى ئىشلەتكەن؟ ئۇلار قايسىلار؟
4. «تۈرك ـ رونىك يېزىقى» دېگەن نېمە؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان؟ ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى نېمە؟
5. ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا قاچان كۆچكەن؟ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قايسى يېزىق ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن؟ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى قاچاندىن باشلاپ قوللىنىلدى؟ ئۇ قانداق تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتتى؟

## 3 ـ باب  ئۇيغۇر ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرى

### 1. ئەپسانىلەر

ئەپسانىلەر ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ باشلىرىدا بارلىققا كەلگەن بىر خىل ئەدەبىي ژانىر.

www.uyghurweb.net

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسدا ناھايىتى كۆپ ئەپسانىلەر بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇلاردىن كۆپى خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ساقلىنىپ قالغان. ئاز بىر قىسمى باشقا تۈركى خەلقلەر، جۇملىدىن ئالتاي خەلقلىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاغزىدا ساقلىنىپ قالغان ئۇيغۇرچە ۋە باشقا چەت ئەل مەنبەلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسدا تارقالغان ئەپسانىلەرنىڭ كۆپچىلىكى دۇنيانىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى، شۇنداقلا تەبىئەتتىكى تۈرلۈك ــ تۈمەن شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەردە، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادىنى بۆرىدىن تۇغۇلغان ئىكەن، دېگەن ئەپسانە كەڭ تارقالغان ۋە تەسىرى چوڭقۇر بولغان. بۇنداق ئەپسانىلەر خەنزۇچە ۋە باشقا مەنبەلەردىكىسى بولۇپ بىرقانچە 10 غا يېتىدۇ. ئومۇمەن، «ئاشنا» ناملىق بى رچىشى بۆرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھجدادلىرى ئۆزلىرىگە ئەجداد موما قىلغانلىقى ھەممىدىن گەۋدىلىك تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن، «جۇ سۇلالىسى تارىخى، تۈركلەر تەزكىرىسى»دە ئېيتىلىشىچە، تۈركلەر قوشنا ئەل تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، پەقەت 10 ياشلىق بىر ئوغۇل بالا ئامان قالغان، ئۇ بىر چىشى بۆرە بىلەن بىرگە بولغاچقا، بۆرە قورساق كۆتۈرۈپ قالغان، غالىب ئەلدىكىلەر بالىنى ئۆلتۈرگەندە، بۆرە تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى تاققا قېچىپ بېرىۋېلىپ، 10 ئوغۇل تۇغقان، بىرىنىڭ فامىلىسى ئاشنا بولۇپ، مۇشۇنىڭ ئەۋلادى كۆپىيىپ، تۈركلەر شەكىللەنگەن ئىكەن[2].

ھايۋاندىن ئادەم بالىسى تۇغۇلۇشى ئەسلا مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن، بۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ساددا تەپەككۇرى بولۇپ، بىزنى تەتقىقات ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسدا يەنە دەرەختىن ئىنسان بالىسى تۇغۇلىدىكەن، دېگەن ئەپسانىلەرمۇ كەڭ تارقالغان. بۇلار «ئوغۇزخان ئېپوسى»دا، خەنزۇچە ماتېرىياللاردا، ئىرانلىق رەشىدىددىن، جۇۋەينى ۋە ئىتالىيىلىك سەيياھ ماركوپولونىڭ ئەسەرلىرىگە كىرگۈزۈلگەن. مەسىلەن، بىر ئەپسانە مۇنداق: «ئۇيغۇرلار يۇرتىدا خېلىن دېگەن بىر تاغ بولۇپ، تاغ ئارىسىدىكى دەرەخكە ئاسماندىن شولا چۈشۈپتۇ... شولا توققۇز ئاي 10 كۈن چۈشكەندىن كېيىن، ھېلىقى دەرەخنىڭ قوسىغى يېرىلىپتۇ. ئۇنىڭدىن بەش بالا چىقىپتۇ...»[3]

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانىلىرىدە، ئاسمان، ئاياللار، ئانا مەبۇتلار تەسۋىرلەنگەن، ئىنسانلارنىڭ ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەردىن تۇغۇلغانلىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئايال ئىلاھلار مەدھىيىلەنگەن.

---

[2] شېرىپىدىن ئۆمەر : «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېرىكلار» 1 ــ قىسىم، 113 ـ، 114 ــ بەتلەر.

[3] قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» مۇقەددىمە، 12 ــ بەت..

www.uyghurweb.net

توتېم[4] ئاساسي تەسۋىرلەش ئوبېكتى قىلىنغان، بۇلارنىڭ بىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنى چۈشىنىشىمىزدە، بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتى بار.

## 2. رىۋايەتلەر

رىۋايەتلەر ــ ئەپسانىلەردىن كېيىن پەيدا بولغان ئەدەبىي ژانىر
ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەتلىرى ناھايىتى مول. ھازىر بىزگە مەلۇملىرى «تۇمارىس رىۋايىتى»، «شىراق رىۋايىتى»، «ئالتۇن قان ئۇرۇقى رىۋايىتى»، «باتۇر تەڭرىقۇت رىۋايىتى»، «ئەرگىنە قون رىۋايىتى»، «بۆگۈخان رىۋايىتى»، «كۆچ رىۋايىتى»، «توققۇز قىز رىۋايىتى» مەھمۇت قەشقىرى، سۇلتان سوتۇق بۇغراخان، قاراخان، ئابدىرىشىتخان، ئامانىساخان ھەققىدىكى رىۋايەتلەر، شىنجاڭدىكى قەدىمگاھلار، شەھەر ـ قەلئەلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر قاتارلىقلار.
ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەتلىرىدە، ئاساسەن، رېئاللىققا يېقىن ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر خاقانلار، سەركەردىلەر، ئالىم، مەرىپەتچىلەر تەسۋىرلەش ئوبېكتى قىلىنىدۇ. بۇلاردا دىنىي تۈس، ئاجايىپ ـ غارايىپلىق، سېھىرلىك خۇسۇسىيەت ئازراق بولىدۇ ياكى بولمايدۇ.
رىۋايەتلەر ئەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى جەمئىيەتتە رەسمىي تەن ئېلىنغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە بارلىققا كېلىۋەرگەن. ئۇنىڭ خەلق داستانلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىرىمۇ بار. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى رىۋايەتلىرى ئەپسانىلەر بىلەنمۇ بىرلىكتە قوشۇلۇپ راۋاجلىنىپ كەلگەچكە، ئايرىۋېلىش تەس. شۇڭا بەزىلىرىنى ئەپسانىلىق رىۋايەت، بەزىلىرىنى رىۋايەتلىك داستان، دەپمۇ ئاتاشقا بولىدۇ.
«بۆگۈخان رىۋايىتى» ئۇيغۇر رىۋايەتلىرى ئىچىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭ ھەرخىل ۋارىيانتلىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. «دوساڭ موڭغۇل تارىخى»[5]، يۇەن سۇلالىسى

---

[4]«توتېم ــ «توتېم» سۆزى ھازىرقى ئاۋستىرالىيىدە ياشايدىغان، ئامېرىكىدىن كەلگەن ئىندىيانلارنىڭ تىلى بولۇپ، ئۇيغۇرچە مەنىسى «پاپوئاس ئۇرۇغ» دېگەنلىك بولىدۇ. توتېم ئىنسانلار باشلانغۇچ جەمئىيەتتە بىرەر ھايۋان ياكى دەرەخنى نەسىل، ئۇرۇغ ياكى قان سىستېمىسىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بەلگىسى قىلغان. مۇنداق نەرسىلەرنى ئاتا ـ بوۋىسى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنغان، مانا شۇنداق چوقۇنىدىغان نىشان ياكى بەلگە «توتېم» دەپ ئاتالغان.
توتېم ئەڭ بۇرۇنقى باشلانغۇچ دىنىي ئېتىقادلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، تەبىئى شارائىتى خىلمۇخىل بولغان جايلاردا ياشىغان ئادەملەردە خىلمۇ خىل نەرسىگە چوقۇنىدىغان توتېمىزىم كېلىپ چىققان. مەسىلەن، بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز قەدىمقى زامانلاردىن بۆرىنى، خەنزۇلار ئەجدىھانى، ھىندىلار كالىنى توتېم قىلغان.
[5]ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېرىكلار، 1 ـ قىسىم 130 ـ بەت.»

دەۋرىدىكى «قوچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ توھبە مەڭگۈ تېشى»[6] قاتارلىقلاردا بىرقەدەر تەپسىلىيرەك خاتىرىلەنگەن.
بۇ رىۋايەتتە باش قەھرىمان بۈگۈخان دەرەختىن تۇغۇلغان، دەپ ئەپسانىلىق سيۇژىت بويىچە تەسۋىرلەنگەن بولسا، ئاخىرى بېرىپ، ئۇنىڭ پائالىيىتى ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ (646 ـ 848 ـ يىللار) تارىخىنى ئىخچام، خەلق داستانلىرىغا خاس يول بىلەن بايان قىلىپ بەرگەن.
بەزىلەر «بۈگۈخان رىۋايىتى»نى «كۆچ رىۋايىتى» بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدۇ. 1977 ـ يىلى، تۈركىيىدىكى ئىستامبۇلدا نەشر قىلىنغان «بۈيۈك تۈرك تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ 1 ـ توم 108 ـ 110 ـ بەتلىرىدە يۇقىرىقى ئىككى رىۋايەت بىرلەشتۈرۈلۈپ، «كۆچ داستانى» نامى بېرىلگەن.
قىسقىسى، «بۈگۈخان رىۋايىتى» دىكى بۈگۈخان ئورخۇن ـ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن (747 ـ 759 ـ يىللارغىچە خان بولغان) داڭلىق خاقان بولۇپ، رىۋايەتتىكى ۋەقەلەرنىڭ كۆپ قىسمى رېئال تارىخي پاكىتلارغا ئاساسەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭا تەتقىقاتچىلار ئۇنى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئوبرازلىق كارتىنىسى دەپ قارايدۇ.

تەكرارلاش سوئاللىرى

1. ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق ئەپسانىلىرى بار؟
2. ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق رىۋايەتلىرى بار؟
3. «بۈگۈخان رىۋايىتى» ھەققىدە نېمىلەرنى چۈشىنىۋالدىڭىز؟

[6] قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخي داستانى ئوغۇزنامە» مۇقەددىمە 12 ـ بەت.

www.uyghurweb.net

# 4 ـ باب ئۇيغۇر قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى

## 1 ـ §. ئومۇمى چۈشەنچە

ئېپوس ياكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى بىر مىللەتنىڭ تارىخى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي قىياپىتىنى، جۈملىدىن مەزكۇر مىللەت تارىخىدا يۈز بەرگەن زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئوبرازلىق بايان قىلىپ بېرىدىغان، باش قەھرىماننى گەۋدىلەندۈرۈشنى ئاساس قىلىدىغان، جانلىق، پوئېتىك ئوبرازچانلىققا ئىگە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك ژانىرى.

ئېپوسلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىخلىرى ئىنسانلاردا ئەدەبىيات شەكىللەنگەن دەۋرلەردىلا بارلىققا كەلگەن. ئىنسانلاردا ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ژانىر ئەپسانە بولۇپ، بۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. كېيىنچە رىۋايەتلەر، قىسسىلەر، ئەپسانىلىق رىۋايەتلەر بارلىققا كەلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى بارا ـ بارا قوشۇلۇپ ئېپوسلارنى شەكىللەندۈردى. بۇ چاغ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرى، قۇللۇق جەمئىيەت ياكى سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرىدا «قەبىلىلەر ئىتتىپاقى» جەمئىيەتتە سىياسىي سەھنىگە چىققان ئىدى. قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدە تۈرلۈك ئۇرۇق، قوۋم، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا جەڭگە ـ جېدەللەر داۋاملىشىۋاتقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بەلگىلىك زېمىنگە مۇقىم جايلىشىۋاتقان ھەمدە ئۆز ئالدىغا مىللەت ۋە خەلق سۈپىتىدە ئۇيۇشۇشقا باشلىغان ئىدى. ئىپتىدائىي دۆلەتچىلىك ئامىللىرىنىڭ بىخ ئۇرۇشى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ خەلقنىڭ ئۆز مۇستەقىللىقى ئۈچۈن يات كۈچلەرگە قارشى قەھرىمانلىق كۆرسىتىشلىرى خەلق ئېپوسلىرى ئۈچۈن باي ماتېرىيال مەنبەسى بولدى. شۇڭا بۇ چاغدا تاكامۇللاشقان خەلق ئېپوسلىرىنى «قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى» دەپمۇ ئاتايدۇ. ماركس ئېپوسلارنىڭ شەكىللەنگەن دەۋرىنى «ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمى دەۋرى»[7] دەپ ئاتىغان ئىدى. دېمەك، ئېپوسلارنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن شۇ خەلقنىڭ تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتەلىگۈدەك زور ئىجتىمائىي ۋەقەلەر شۇ خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا تۇغۇلۇپ، شۇ خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدا بەلگىلىك بۇرۇلۇش، يۈكسىلىش دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرۈشى لازىم. بۇ دەۋر دەل يۇقىرىدا دېگەن دەۋر ئىدى.

ئېپوسلار، ئاساسەن، خەلق ئارىسىدا كوللېكتىپ ھالدا تارقالغان ئەدەبىي ژانىر، ئۇنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىشى ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا بولغان، خەلق ئاغزىدا يېتىپ كەلگەنلىرى، قەدىمكى دەۋردىكى مەلۇم بىر ئەدىب رەتلىگەنلىرى، تارىخىي كىتابلاردا ئىزلىرى قالغانلىرى،

[7] ماركس «مورگاننىڭ قەدىمقى ‹جەمئىيەت› دېگەن كىتابىدىن ئۈزۈندىلەر»، خەنزۇچە ، 1965 ـ يىل نەشرى، 180 ـ بەت.

قەدىمكى دەۋردە بىر كىشى كۆچۈرۈپ قويغانلىرى، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەنلىرى بىلەن تارىخىي كىتابلاردىكى پارچىلارنى سىلىشتۇرۇپ نۇسخىسى تىكلەنگەنلىرى قاتارلىقلار يازما ئەدەبىياتقا بۇرۇن كۆچكەن، ئولتۇراق تۇرمۇشقا بۇرۇنراق مۇقىملاشقان، جۇملىدىن بۇرۇنراق مەدەنىيەتكە قەدەم قويغان مىللەتلەردە ئېپوسلار داۋاملىق ساقلىنالماي، قەدىمكى دەۋرلەردىلا ئاخىرلاشقان. چارۋىچى، كۆچمەن مىللەتلەردە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمكى دەۋرلەردە كۆپلىگەن ئېپوسلار تارقالغان. «تۇڭا ئالىپ ئەر ئېپوسى»، «دەدە قورقۇت»، «ئوغۇزخان ئېپوسى»، «گۆر ئوغلى» قاتارلىقلار.

«تۇڭا ئالىپ ئەر ئېپوسى» ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىمۇ كەڭ تارقالغان. تۇڭا ئالىپ ئەرنى ئىرانلىقلار «ئەفراسىياپ» نامى بىلەن ئاتىغان بولسا، ئۇيغۇرلار بەگلەر بېگى، تۇڭا ئالىپ ئەر ــ قاپلاندەك باتۇر ئەر، دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىغان. مەشھۇر ئىران شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ ئەسىرى «شاھنامە»گە ئەفراسىياپ بىلەن بولغان ۋەقەلەرنى تېما قىلغان.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۆتكەن ئىران ۋە ئەرەپ تارىخچىلىرى بىرۇنى، بەلئەمى، تەبەرى، يەقۇبى قاتارلىقلار ۋە ھىندىستان يازغۇچىلىرى ئەفراسىياپقا دائىر رىۋايەت خاراكتېرلىك مەلۇمات يازغان[8].

ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن مەھمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئالىپ ئەر تۇڭانى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. تەتقىقاتچىلار ئىران ۋە ئەرەب مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ، ئىرانلىقلار ۋە ئەرەبلەر ئومۇمەن تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە چىققان مەشھۇر سەركەردە، خاقانلارنى «ئەفراسىياپ» نامى بىلەن ئاتىغان ئىكەن، دەپ قارايدۇ.

دېمەك، ئالىپ ئەر تۇڭا مىلادىدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىردىن مىلادى 7 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا تۈركىي خەلقلەر، جۇملىدىن ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئۆتكەن بىر قىسىم مەشھۇر خاقانلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن تىپىك بەدىئىي ئوبراز بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر ئېپوسىنىڭ باش قەھرىمانى.

2 ـ §. ئوغۇزخان ئېپوسى

«ئوغۇزخان ئېپوسى» ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈش تارىخىنىڭ ئوبرازلىق، بەدىئىي تەسۋىرىي خاتىرىسى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىز ۋە يازما ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى نادىر ئۈلگە.

---

[8]ئىمىن تۇرسۇن : «تۇڭا ئالىپ ئەر»، قەشقەر ئەدەبىياتى، 1883 ـ يىل، 1 ـ سان.

«ئوغۇزخان ئېپوسى»نىڭ دەۋرىمىزگە بىرقانچە خىل يازما نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن. بۇلاردىن مۇقىمراقلىرى 13 ـ ئەسىردە تۇرپان رايونىدا نامەلۇم پۈتۈكچى تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخا، بۇ 21 ياپراق، 42 بەت، 376 قۇر.
ئىرانلىق تارىخچى رەشىدىددىن فەزلۇللاخنىڭ (1247 ـ 1318 ـ يىللار) «جامىئۇت تەۋارىخ» (ئومۇمى تارىخ) كىتابىغا خىيۋە خانى ئوبۇلغازىنىڭ (1603 ـ 1664 ـ يىللار) «شەجەرئى تۈرك» (تۈركىي خەلقلەر شەجەرىسى) گە كىرگۈزۈلگەن. رەشىدىددىن خاتىرىسىدىكىسىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، نوقۇل ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش دائىرىسىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن ھەم كېيىنكى ئىسلام دىنىغا ئائىت ۋەقەلەر قېتىلىپ كەتكەن. ئوبۇلغازى ئۆزى ئازراق ئىش قوشقان ھەم بۇنىڭغىمۇ ئىسلام تۈسى سىڭگەن.
قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئوغۇزخان ئېپوسى» بىرقەدەر ساپ بولغان خەلق ئەدەبىياتى يادىكارلىقى بولۇپ، بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزدىكى بىرىنچى ۋە مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى، قالغانلىرى قوشۇمچە مەنبە.
«ئوغۇزخان ئېپوسى»نىڭ مەزمۇنىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئوغۇزنىڭ تۇغۇلىشىدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارغا خان بولغانغا قەدەر بىرىنچى قىسىم، ئوغۇزنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى ئىككىنچى قىسىم، ئوغۇزنىڭ ئالتە ئوغلىغا قولغا كىرگۈزگەن زېمىنلىرىنى بۆلۈپ بېرىش جەريانى ــ ئۈچىنچى قىسىم.
بىز «ئوغۇزخان ئېپوسى»نى تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئالدى بىلەن، ئۇنىڭدىكى ئېستېتىك تەپەككۇر جەريانى، ئىجتىمائىي ئىدىيە تەرەققىيات تارىخى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ئۆزگىرىش، مۇكەممەللىشىش جەريانىغا قارايمىز.
ئېپوستا ئىجتىمائىي ئىدىيە كاتىگورىيىسىگە كىرىدىغان ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى خېلىلا قويۇق ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ باشلىرى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغان توتېم چۈشەنچىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بوۋىلارغا چوقۇنۇش، ئاسمان تەڭرىسىگە چوقۇنۇش، جۈملىدىن ئالتاي خەلقلىرىنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن شامان دىنىنىڭ تەسىرى ئېپوستا ئۈچرايدۇ.
«ئوغۇزخان ئېپوسى»دا بۇددىزم، مانى دىنى، زورو ئاستىر دىنى، نىستورىيان دىنى، ئىسلام دىنىغا ئائىت ھېچقانداق تەسىر يوق. شىنجاڭغا بۇددىزم كىرگىنىگە 2000 يىلغا يېقىن بولدى، مانى دىنى موڭغۇلىيىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا 762 ـ يىلىدىن باشلاپ كىرگەن، باشقا دىنلارمۇ مىلادىدىن كېيىنكى يىللاردا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇلاردىن شۇنى چۈشىنىۋالىمىزكى، گەرچە «ئوغۇزخان ئېپوسى» 13 ـ ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرى بەكمۇ قەدىمىي بولۇپ، ئۇنىڭ قانداقتۇر يىراق ئۆتمۈش نۇسخىلىرىمۇ بولغان، لېكىن بۇ

www.uyghurweb.net

نۇسخا هازىرچە بىزگە مەلۇم ئەمەس، چۈنكى قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتى هامان ئۆز دەۋرىدە هۆكۈمران ئىدېئولوگىيە بولغان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايتتى. كۆپ هاللاردا، دىن ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بولسا، ئەدەبىيات ئۇنى ئىپادىلەيدىغان شەكىل بولۇپ قالغان.

«ئوغۇزخان ئېپوسى»نىڭ هەجمى كىچىكرەك، بۇنداق بولۇشى ئۇنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىلا يازما هالەتكە كېلىپ، «ماناس»، «گېسار»، «جاڭغىر» داستانلىرىدەك هازىرغىچە تارقىلىپ، بېيىپ، راۋاجلىنىپ كەلمىگەنلىكىدە. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ بىزگە ناهايىتى مۇھىم مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەنلىكى بىلەن دۇنيادىكى هەرقانداق ئېپوسلار بىلەن تەڭلىشەلەيدۇ. ئۇنىڭغا بىرلا پاكىت كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز.

ئېپوستا ئوغۇزنىڭ ئىككى خوتۇن ئالغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. كۆك تەڭرى چۈشۈرگەن، كۆك نۇردىن تۆرەلگەن ئاجايىپ چىرايلىق قىز ئوغۇزنىڭ چوڭ خوتۇنى ئىدى. ئۇنىڭ پورترېتى (تاشقى قىياپىتى) ئاسمان جىسملىرىغا خاس سۈپەتلەر بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ، بۇ ئايالنىڭ پىشانىسىدىكى مەڭ ئالتۇن قوزۇق (قۇتۇپ يۇلتۇزى) غا ئوخشايدۇ، ئۇ كۈلسە، تەڭرىمۇ كۈلىدۇ، يىغلىسا، تەڭرىمۇ يىغلايدۇ. چوڭ خوتۇنىنىڭ باللىرى كۈن، ئاي، يۇلتۇز، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچ ئوغۇل شەرققە سەپەر قىلىپ، ئالتۇن ئوقيا تېپىۋالىدۇ... ئاخىرىدا ئوغۇزخان بۇ ئوغۇللىرىغا دۆلەتنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى مىراس قالدۇرىدۇ.

ئوغۇزنىڭ توقلى دەرەخ كاۋىكىدا تۆرەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ پورترېتى يەر جىسملىرىغا خاس سۈپەتلەر بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن، چېچى سۇ ئېقىنىدەك، چىشى ئۈنچىدەك. ئۇ تەڭرى ئەمەس، كىشىلەر كۆرسە «ئاھ! ئاھ! جاننى ئالىدىكەن» دەيدۇ. بۇنىڭ باللىرى يەرگە خاس ئىسملار بىلەن كۆك (زېمىندىكى كۆكچىلىك، يېشىللىق)، تاغ، دېڭىز، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلار غەربكە سەپەر قىلىپ ئۈچ تال يا ئوقى تېپىۋالىدۇ. ئوغۇزخان بۇلارنى چوڭ ئوغۇللىرىنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا تاپشۇرىدۇ.

بۇلار ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا پەيدا بولغان ئاسمان (جىسملىرى) غا چوقۇنۇش بىلەن يەر (جىسملىرى) گە چوقۇنۇش چۈشەنچىسىنىڭ ئىنچام كۆرۈنۈشى. توتېم ئويېكتى — يەر جىسمى بولۇپ، بۇرۇنراق بارلىققا كەلگەن دىنىي ئېتىقاد ئويېكتى، ئاسمان (كۆك) تەڭرىسىگە چوقۇنۇش كېيىن پەيدا بولغان. دىنىي ئىدىئولوگىيىدە هامان يېڭىسى كونىسىنى چەتكە قاقىدۇ، شۇڭا يەر (جىسملىرى) گە چوقۇنۇش ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈرۈلگەن.

3 ـ §. «ئوغۇزخان ئېپوسى»نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

(1) ئېپوسنىڭ تېما دائىرىسى ناهايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل باشلانغۇچ جەمئىيىتىنىڭ روھىي قىياپىتىنى يىغىنچاق ـ ئىخچام، ئەمما يارقىن ئىپادىلەپ بەرگەن.

(2) ئېپوستا ئوغۇزخاندىن ئىبارەت باش قەھرىمان ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئېپوستىكى پۈتۈن ۋەقەلىك باشتىن – ئاخىر ئاشۇ قەھرىمان ئوبرازىغا باغلانغان. ھەتتا تەبىئەت تەسۋىرلىرىمۇ ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. ئوغۇزخان قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئېتىراپ قىلىدىغان، ئۇلارنى يېتەكلىيەلەيدىغان قەيسەر خاقان. ئۇ كۆپلىگەن رېئال شەخسلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە يىغقان، شۇنىڭ بىلەن زور دەرىجىدە غايىۋىلەشكەن تىپىك بەدىئىي ئوبراز.

(3) ئاتاقلىق رۇس تەنقىتچىسى بېلىنسكىي: «بۇنداق تارىخىي ۋەقەگە پۈتۈن مىللەت قاتناشقان بولىدۇ، ئۇ، مىللەتنىڭ دىنىي، ئەخلاقىي، سىياسىي تۇرمۇشى بىلەن باغلانغان بولىدۇ، ئېپوس مىللەتنىڭ تەقدىرىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ»[9] دەپ ئېيتقىنىدەك، ئۇنى ئوقۇساق، بىزدە «ئوغۇزخان ئېپوسى»دا ھەقىقەتەن قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك چۈشەنچە پەيدا بولىدۇ.

(4) ئېپوستا ئومۇمەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ گۈزەل نەسرىي سۆز فوندى توپلانغان. بۇلار جەزىبىدارلىق، ھەيۋەتلىك، يۈكسەكلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇنىڭدىن يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي تىل ئېلېمېنتلىرى، كېيىنكى دەۋرلەردىكى تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

«ئوغۇزخان ئېپوسى» دىكى ۋەقەلەردە شەيئىلەر شۇنداق ئوبرازلىق تەسۋىرلىنىدۇكى، ئوغۇزخاننىڭ پۈتۈن ئىللى بىر ئالتۇن «يا»غا ئوخشىتىلغان. ئالتۇن يا كۈن چىقىشتىن كۈن پېتىشقىچە سوزۇلغان. ئۈچ تال كۈمۈش ئوقنىڭ ئۈچى داۋاملىق شىمالنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بۇنداق سىمۋوللۇق مىسرالاردا ئوغۇزخاننىڭ چوڭ ئوغۇللىرى ( 3 ئوغلى) يا قىسمەتلىك بولۇپ، مەملىكەت ئۇلارغا مەنسۇپ؛ كىچىك ئوغۇللىرى (3 ئوغلى) ئوق قىسمەتلىك بولۇپ، چوڭ ئوغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئادەملەردۇر. ئوغۇزخاننىڭ قوراللىق كۈچى «تۆمۈر نەيزە بولسۇن ئورمان» دېگەن مىسرالار بىلەن ئىپادىلەنگەن بولسا، مۇشۇ قورال كۈچى بىلەن ئۆز خەلقىگە يارىتىدىغان كېلەچەكتىكى بەختىيار ھايات «ئوۋلىقتا يۈرۈشسۇن مال – ۋاران، ھەم ئاقسۇن دەريا – ئېقىن، قۇياش تۇغ بولسۇن، ئاسمان قورغان» دېگەن سىمۋوللۇق مىسرالار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ[10].

دېمەك، «ئوغۇزخان ئېپوسى» ئۇيغۇر ئېستېتىك تەپەككۇرىنىڭ جانلىق ئۈلگىسى. ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مۇجەسسەمى، ئېسىل تارىخ، ئەدەبىيات ئەسىرى.

تەكرارلاش سوئاللىرى

---

[9]بېلىنسكىي ئەدەبىيات توغرىسىدا»، خەنزۇچە نەشرى، 179 – بەت.

[10]مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1985 – يىل 1 – سان.

www.uyghurweb.net

1. ئېپوسلار ھەققىدىكى چۈشەنچەڭلار قانداق؟
2. ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق ئېپوسلىرى بار؟
3. «ئوغۇزخان ئېپوسى»نى نېمە ئۈچۈن يىراق ئۆتمۈشنىڭ مەھسۇلى، دەيمىز؟
4. «ئوغۇزخان ئېپوسى»نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى نېمە؟

## 5 ـ باب  قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇر قوشاقلىرى

قوشاقلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۈرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ مەلۇم مىللەت ياكى خەلقنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى، تارىخىنى بىلىشتە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. گوركىي: «خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنى بىلمەي تۇرۇپ، مېھنەتكەش خەلقنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس» دېگەن ئىدى.
ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرگە تەئەللۇق قوشاقلىرىدىن ھازىر بىزگە مەلۇم بولغانلىرى، ئاساسەن، خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا ساقلىنىپ قالغان. بۇ قوشاقلار ئۆز ۋاقتىدا ئۇيغۇر تىلى بىلەن يارىتىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا تارقالغان. ئۇلارنى ياكى خەنزۇ تەرجىمانلار ياكى ئۇيغۇر تەرجىمانلار خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ خاتىرىلىگەنمۇ، بۇ ھەقتە مەلۇمات يېتەرسىز. كۆپلىگەن مەشھۇر خەنزۇچە كىتابلارنىڭ تۈزگۈلۈش خىزمىتىگە جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قاتناشقانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، بۇ قوشاقلارنى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىمىز. تۆۋەندە بۇنداق قوشاقلاردىن بىرنەچچە مىسال كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

### ھون قوشىقى

ئايرىلىپ قالغاندا تەڭرى تاغىدىن[11].
ئاۋۇماس بوپ قالدى چارۋا ـ ماللىمىز.
ئايرىلىپ قالغاندا ئالچى تاغىدىن[12]،
مۇڭلىنىپ سارغايدى قىز ـ ئاياللىمىز.

---

[11]تەڭرىتېغى ــ ھازىرقى چىلىيەنشەن تېغى.
[12]ئالچى تېغى ــ ھازىرقى يەنجۇشەن تېغى.

بۇ قوشاقنى ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى»گە خاتىرىلەپ قويغان.
ھونلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن مۇددەت ئۇرۇشلار بولۇپ، بەزىدە ھونلار كۈچلىنىپ، بۇ سۇلالىلەرنى ئاجىزلاتقان بولسا، بەزىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر ھونلارنى ئاجىزلاتقان. خەن سۇلالىسى پادىشاھى خەن ۋۇدى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 140 ـ 87 ـ يىللار) دەۋرىگە كەلگەندە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ھونلارغا قارشى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش باشلانغان.
خەن ۋۇدى ھونلارغا قارشى ئۈچ قېتىم كەڭ دائىرىلىك ھۇجۇم قوزغاپ، ھونلارنىڭ گەنسۇدىكى چىلىەنشەن تاغلىرى، يەنجىشەن تاغلىرى ئېتەكلىرىدىكى يايلاقلىرىغا بېسىپ كىرىپ، خېشى كارىدورىنى ھونلاردىن تارتىۋالغان.
دېمەك، بۇ قوشاقتا ھونلارنىڭ ئۆز ماكانىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئوبرازلىق ئۆكۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلگەن. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ھونلار تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ۋەقەلەرنى چۈشىنىشىمىزدە مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى قوشاقلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى.

### فېنچېڭ ۋەقەسى قوشۇغى

فېنچېڭدا[13] يۈز بەرگەن ئاجايىپ ۋەقە،
كەلتۈردى دەھشەتلىك جاپا ـ مۇشەققەت.
يەتتە كۈن ئاچ قېلىپ كەتتۇق ماداردىن،
ئوقيانى تارتىشقا يەتمىدى قۇۋۋەت.

ھونلارغا ئائىت بۇ قوشاقتىمۇ يات كۈچلەرنىڭ زەربىسىدىن كۈچىدىن ئاجىزلاشقان ئەھۋال ــ رېئاللىق جانلىق كارتىنا ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.
جۇڭگو تارىخىدىكى شىمالىي خانلىقلار (مىلادى 386 ـ 581 ـ يىللار) «يۈفۇ مەھكىمىسى» توپلاپ رەتلىگەن خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە شەرقىي ئۇيغۇرلار (تاشقى، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق جايلاردا ياشىغان ئۇيغۇرلار) نىڭ قوشاقلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇنداق بولۇشى شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر قوشاقلىرىنىڭ ئازلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئەدىبلەر توپلىغان قوشاقلار ۋە توپلاملارغا مۇناسىۋەتلىك. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان خەنزۇ ئەدىبلىرى ئۇيغۇر تىلىنى

[13] فېنچېڭ ــ داتۇڭ.

بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇيغۇر قوشاقلىرىنى توپلاپ رەتلەشتە ناھايىتى زور قىيىنچىلىق تۇغۇلغان. نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن قوشاقلىرى توپلانماي يوقىلىپ كەتكەن.
شۇنداق بولۇشىغا قارىماي شىمالىي خانلىقلارنىڭ «يۆفۇ مەھكىمىسى شېئىرلار توپلىمى»دا بىرنەچچە ئۇيغۇر قوشىقى ساقلىنىپ قالغان.

تال سۇندۇرۇش قوشىقى

ئەزىمەت ئارزۇسى باتۇر بولۇشتا،
ھەمرانىڭ كۆپلۈكى بەلكى ھاجەتسىز،
قۇرغۇيدەك ھاۋادا قانات قاققاندا،
قۇشقاچلار قېچىشىپ بولىدۇ جانسىز.

ئەزىمەت ئوغۇلغا تۇلپار مۇناسىپ،
تۇلپارغا قەھرىمان يىگىت يارىشۇر،
ئويناقلاپ چاپقاندا چاڭ ـ توزان ئارا،
ياخشىسى، يامىنى ئاندىن ئايرىلۇر.

بۇ قوشاقتا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچقان قۇرغۇيغا ئوخشىتىپ، دۈشمەننى قىلچە كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى، گويا دۈشمەننى بىر توپ ئاق قۇشقاچقا ئوخشىتىپ، قۇرغۇي ئاسماندا ئۇچقاندا، ئاق قۇشقاچلارنىڭ ئالاقزادە بولۇشۇپ تەرەپ ـ تەرەپكە تارىلىپ قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى، باتۇر يىگىت بىلەن ياخشى ئاتنىڭ ماسلىشىش مۇناسىۋىتىنى تەسۋىرلىگەن.

قالدىم ھەسرەت ئىچىدە

قەلبىم تولۇپ قايغۇغا قالدىم ھەسرەت ئىچىدە،
ئەگەر ماڭساڭ سەپەرگە ئات قامچىسى مەن بولاي،
قورغان تېمى ئۈستىدە ساڭا يېقىن ياندىشىپ،
تۇراي بىللە يىگىتىم، بىلەكلىرىڭ مەن بولاي.

بۇ قوشاقتا بىر قىزنىڭ سۆيگەن يىگىتى سەپەرگە (جەڭگە) ماڭىدىغان ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ يالغۇز قېلىپ جۇدالىق ئىزتىراپقا چۈشىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يىگىتىنىڭ ئات قامچىسى بولۇشنى ئارزۇ

قىلغان. يەنە مۇداپىئە قورغانلىرىنىڭ ئۈستىدە يىگىتى بىلەن ياندىشىپ بىللە تۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ يىگىتكە بولغان ئىنتايىن چوڭقۇر، سەمىمىي مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن.

بەگ قولى ھەققىدە قوشاق

مىلادى 3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سىيانپىلار دۆلىتى تارقىلىپ كەتتى. سىيانپىلاردىن توبا نامىلىق قەبىلە ھازىرقى كۆكخوت شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى چوغاي تاغلىرى (ھازىرقى يىڭشەن تاغلىرى) نىڭ ئەتراپىنى ئىگىلىۋالدى. ئۇلار 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ۋېنچېڭ شەھىرىنى مەركەز قىلىپ، جۇڭگو تارىخىدا شىمالىي ۋەي خانلىقى (مىلادى 386 ـ 534 ـ يىللار) دەپ ئاتالغان دۆلەتنى قۇردى. خۇددى شۇ مەزگىلدە كېلىپ چىققىشى سىيانپىلاردىن بولۇپ تۈركلەشكەن جوبانلار (ئاۋار تۈركلىرى) موڭغۇلىيىدە باش كۆتۈردى. 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەرقىي ئۇيغۇرلار يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن توبالار بىلەن جوبانلار ئارىسىدا قالدى. بۇ چاغدا شەرقىي ئۇيغۇرلار تېخى بىرلەشمىگەن بولۇپ، كۈچلۈك دۆلەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۇششاق بەگلىكلەردىن بولغاچقا، توبالار بىلەن جوجانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇراتتى. دەسلەپ توبالارنىڭ، كېيىن جوجانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارنىڭ خۇغۇرسۇر قەبىلىسىنىڭ خانى بەگ قولى ناھايىتى باتۇر خان بولۇپ، ئۇ جوجانلارغا قارشى قەھرىمانلىق بىلەن كۈرەش قىلدى ۋە كۈرەش جەريانىدا قۇربان بولدى. «شىمالىي خانلىقلار تارىخى، ئىگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە» بابىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ خۇغۇرسۇر قەبىلىسى ئۆز خانى بەگ قولى ھەققىدە مۇنداق قوشاق توقۇغان:

«ۋاي كەلدى بەگ قولى» دېگەندە ئانا،
توختايدۇ بوۋاقنىڭ يىغىسى شۇئان.
دېيىشەر ياش قىزلار، ئىپتىقاندا ناخشا،
«يىگىتىم بولسىدى بەگ قولى سىمان.»

تورا قوشىقى

خۇغۇرسۇر ئالتۇن

(487 ـ 567 ـ يىللار)

چۇغاي تاغلىرى[14] باغرىدىن ئاقار،
تورالار دەرياسى ئويناپ دولقۇنلاپ،
ئاسماننىڭ گۈمبىزى بارىگاھ سىمان،
تۇرىدۇ جىمىكى دالىنى قاپلاپ.

شۇنچە كۆك، غۇبارسىز ساماۋى ئاسمان،
دالالار بىپايان كۆرۈنمەيدۇ قاش.
كۆرۈنۈپ قالىدۇ سانسىز چارۋا مال،
شاماللار يەلپۈتۈپ ئوتلار ئەگسە باش.

چۇغاي تاغلىرىنىڭ باغرىدا ياپ ـ يېشىل ئېگىز ئۆسكەن ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، چەكسىز يايلاقلار يىراقلارغا سوزۇلغان قەدىمكى زاماندا تورالار (ئۇيغۇرلار) شۇ يايلاقلاردا چارۋىچىلىق قىلغان. قوشاقتىكى تەسۋىردە تۆت تەرىپىگە كۆز يەتمەيدىغان كەڭ يايلاق بىلەن ئاسماننىڭ چېتى تۇتۇشۇپ كەتكەن، كۆپ ـ كۆك ئاسمان گويا تەڭدىشى يوق، ناھايىتى چوڭ يوپ ـ يۇملاق چېدىرغا ئوخشىتىلىپ، پۈتۈن يايلاقنى قاپلاپ تۇرغانلىقى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇشتۇمتۇت شامال چىققاندا، يايلاق داۋالغۇپ، ئوتلار دولقۇنى ئۇيۇقنىڭ چېتىگىچە يامراپ بارىدۇ، ئوتلار دولقۇنى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيگەندە، پادا ـ پادا بولۇپ ئوتلاۋاتقان چارۋا ماللار كۆرۈنۈپ قالىدۇ.
مانا بۇ سەددىچىن سىپىلىنىڭ تېشىدىكى ئاجايىپ، ھەيۋەتلىك چارۋىچىلىق ھاياتىنىڭ جانلىق مەنزىرىسى بولۇپ، «تورا قوشىغى»دا شەرقىي ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ يۇرتىغا، چارۋىچىلىق ھاياتىغا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنى كۈيلىگەن.
«تورا» سۆزى بەزىدە شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمى نامى سۈپىتىدە قوللىنىلسا، «سۈي يىلنامىسى، تورالار ھەققىدە قىسسە» بابىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، 7 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا شەرقتە ھىنگان تاغلىرىدىن تارتىپ، غەربتە قارا دېڭىز، دىنىپىر دەرياسىنىڭ بويلىرىغىچە بولغان چەكسىز زېمىندا ياشىغان پۈتۈن تۈرك قەبىللىرىنىڭ ئومۇمى نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان.
خۇغۇرسۇر ئالتۇن «تورا قوشىغى»نىڭ ئاپتورى بولۇپ، بۇ شېئىرنى 6 ـ ئەسىردە يازغان. بۇ شېئىرنى «تورا قوشىغى» دېگەندىن كۆرە، «ئۇيغۇر قوشىغى» دېگەن ناھايىتى مۇۋاپىق. خۇغۇرسۇر ئالتۇننىڭ «تورا» دېگىنى دەل شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمى نامى ئىدى.

---

[14] چۇغاي تاغلىرى ـ ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى يىگشەن تېغى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئەينى ۋاقىتتا چۇغاي تاغلىرى دەپ ئاتىغان. «كۆل تېگىن يادىكارلىقى» دىمۇ شۇنداق يېزىلغان.

شائىرنىڭ ئىسمى ئالتۇن، فامىلىسى خۇغۇرسۇر ئىدى. خۇغۇرسۇر ئەسلىدە شائىر ــ ئالتۇننىڭ كېلىپ چىققان قەبىلىسى (ئۇيغۇر قەبىلىسى) بولۇپ، شائىر ئۆزىنىڭ قايسى قەبىلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئاتا ــ بوۋىسى فامىلە قىلىپ كەلگەن ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئۆزىنى خۇغۇرسۇر ئالتۇن دەپ ئاتىغان.

خۇغۇرسۇر قەبىلىسى ئۇيغۇر ــ ئورخۇن خاقانلىقى (647 ــ 845 ــ يىللار) دەۋرىدىكى توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قەبىلىسى ئىچىدىكى بىر قەبىلە ئىدى.

«شىمالىي خانلىقلار يىلنامىسى»دىكى «ئېگىز هارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە»، «جوجانلار ھەققىدە قىسسە»، «گاۋچاڭ خانلىقى ھەققىدە قىسسە» بابلىرىدىكى ھەم «جەنۇبىي چى يىلنامىسى»دىكى «جوجانلار ھەققىدە قىسسە» بابىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شائىر خۇغۇرسۇر ئالتۇن ياشىغان مەزگىلدە شەرقىي ئۇيغۇرلار ھاياتىدا ناھايىتى جىددىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن.

5 ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 6 ــ ئەسىرنىڭ 50 ــ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، شەرقىي ئۇيغۇرلار ئۇشتاق ــ ئۇشتاق بەگلىكلەردىن بىرلەشكەن كۈچلۈك خانلىققا قاراپ تەرەققىي قىلغان.

4 ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئېگىز ھارۋىلىقلار دەپ ئاتالغان شەرقىي تورالار (ئۇيغۇرلار) ئىككى تارماقتىن ئىبارەت بولۇپ، 18 قەبىلىگە بۆلۈنگەن ئىدى. بۇ ئىككى تارماقنىڭ بىرى 6 قەبىلىنى، يەنە بىرى 12 قەبىلىنى تەشكىل قىلاتتى.

بىرىنچى تارمىقى:

1. تورالار
2. ئۇيغۇرلار
3. خۇغۇرسۇرلار
4. قالپاقلار
5. قىرغىزلار
6. ئىل تىكىن

ئىككىنچى تارمىقى:

1. چىپولى
2. تولو

3. ئىجان
4. تاران
5. قوغا
6. تاربو
7. ئايرون
8. بايان
9. ئەركىن
10. بوركلى
11. قىئوي
12. يوشوپى

خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر قوشاقلىرى، ئۆز ئىجادچىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئازدىن كۆپكە، ئاددىيدىن مۇرەككەپكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. يۇقىرىدىكى قوشاقلاردىن ئۇيغۇر قوشاقلىرىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا، قويۇق رىيالىزملىق خۇسۇسىيەتكە، كۆپ خىل ئىپادىلەش شەكىللىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.
ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن 300 دىن ئارتۇق شېئىر ـ قوشاق مەزمۇنىنىڭ قەدىمىيلىكى، بەدىئىلىكىنىڭ يۇكسەكلىكى، لىرىك ھېسسىياتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ خىلمۇخىللىقى بىلەن يۇقىرىدىكى كۆزقاراشنى ئېنىق ئىسپاتلاپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن باشلاپلا يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تەكرارلاش سوئاللىرى

1. قەدىمكى ئۇيغۇر قوشاقلىرىدىن قايسىلىرىنى بىلىسىز؟
2. «تال سۇندۇرۇش» قوشىقىنىڭ مەزمۇنى نېمە؟
3. بەگ قولى كىم؟ بەگ قولى ھەققىدىكى قوشاقنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭ.
4. «تورالار» كىم؟ خۇغۇرسۇر ئالتۇن كىم؟ «تورالار» قانچە تارماق ۋە قانچە قەبىلىگە بۆلۈنگەن؟
5. «تورا قوشىغى»نىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟

## 6 ـ باب «مەڭگۈ تاش» ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى

ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۆزىگە مۇناسىپ يۈكسەك ئورۇن تۇتىدىغان «مەڭگۈ تاش» ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى سان جەھەتتىن كۆپ بولۇپلا قالماي، بەلكى مەزمۇن جەھەتتىن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئەينى دەۋردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلىنى، تارىخىنى، ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى، ئېتنىك (مىللىي) ئالاھىدىلىكلىرىنى تەكشۈرۈشتە زور قىممەتكە ئىگە بايلىق. ئۇلار ئەينى دەۋرنىڭ تارىخىي رېئاللىقىنى كۆپ تەرەپلىمە پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ يادىكارلىقلار كۆك تۈرك خانلىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى يادىكارلىقلىرى خەزىنىسىدىكى نۇرلۇق نامايەندىدۇر.

كۆك تۈرك خاقانلىقى ھون ئىمپېرىيىسى ۋە سىيانپى خاقانلىقى پارچىلىنىپ ئاخىرلاشقان مەزگىلدە قۇرۇلغان بولۇپ، مىلادى 552 ـ يىلدىن 745 ـ يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن. مىلادى 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغۇچى قەبىلىلەر كۆك تۈرك خانلىقى دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن ۋە ئەينى زاماندا كۆك تۈركلەر بىلەن بىللە كۆك تۈرك مەدەنىيىتى يەنى ئورخۇن ـ يېنسەي مەدەنىيىتىنى ياراتقان.

كۆك تۈرك خانلىقى ئاجىزلىشىپ ئىككىگە بۆلۈنگەندىن كېيىن، مىلادى 745 ـ يىللىرى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۇيغۇر خانلىقىنى يەنى مىلادى 745 ـ يىلدىن 845 ـ يىللىرىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقىنى قۇرغان. مەيلى كۆك تۈرك خانلىقى بولسۇن، مەيلى ئۇيغۇر خانلىقى بولسۇن، بۇ ئىككى خانلىق تۈرك قەبىلىلىرىنى بىرقەدەر كەڭ بىرلەشتۈرگەن فېئودال خانلىق بولۇپ، مۇشۇ دەۋردە بىرقەدەر يۈكسەك مەدەنىيەت بەرپا قىلىندى، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇشۇ دۆلەت ۋە مۇشۇ مەدەنىيەت بىلەن باغلىنىدۇ.

كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ تۇنجى خاقانى بومىن مىلادى 552 ـ يىلى «ئاۋار»لار («جوجانلار») نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆز زېمىنىنى غەرب ۋە شەرق دېگەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ باشقۇردى. خاقانلىقنىڭ مەركىزى بولغان شەرقىي قىسمىنى بومىن خاقان ئۆزى باشقۇردى. غەربىي قىسمىنى ئۇنىڭ ئىنىسى ئىسقى خاقان باشقۇردى.

كۆك تۈرك دۆلىتى قۇرۇلۇپ ئىككىنچى يىلىلا، بومىن خاقان ۋاپات بولدى. ئورنىغا ئۈچ ئوغلى ۋارىسلىق قىلدى. ئىككىنچى ئوغلى موقان خاقان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە (554 ـ 572 ـ يىللار)، دۆلەت زېمىنى شەرقىي شىمالدىن ئىرانغىچە سوزۇلغان بولۇپ، كۈچلۈك ئىمپېراتورلۇق ھالىغا كەلدى. ئەمما دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت ۋە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئارىلىششى نەتىجىسىدە ئاجىزلىشىپ، مىلادى 630 ـ يىلىغا كەلگەندە، شەرقىي قىسمى ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى. غەربىي قىسمىمۇ ئېغىر خەۋپكە دۇچ كەلدى. ئەمما مىلادى 680 ـ 682 ـ يىللىرى كۆك تۈرك، خاقانلىقىنىڭ ۋارىسلىرىدىن بىرى بولغان ئىلتېرىش خاقان

(قۇتلۇغ تىكىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىمپېرىيىنى كۈچەيتىپ، ئەسلىگە كەلتۈردۇ. مىلادى 691 ـ يىلى، ئىلتېرىش خاقان ئۆلۈپ، ئىنىسى قاپاغان خاقان بولىدۇ. ئۇ ئاكىسىنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىپ، دۆلەتنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاشۇردۇ. ئىلتېرىش خاقاننىڭ بىلگە ۋە كۈلتېگىن دېگەن ئىككى ئوغلى بولۇپ، قاپاغان خاقان مىلادى 716 ـ يىلى ئۆلگەندە، ئورنىغا ئىلتېرىشنىڭ چوڭ ئوغلى بىلگە خاقان بولىدۇ، كۈلتېگىن ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولىدۇ. ئىلتېرىش خاقان ۋە قاپاغان خاقان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، ھەر ئىككىسىگە ۋەزىرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن تونيۇقۇق بىلگە خاقاننىڭ قېيناتىسى (ئىلتېرىشنىڭ قۇدىسى) بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ مول تەجرىبىلىرى بىلەن بىلگە خاقان ۋە كۈلتېگىنلەرنىڭ دۆلەتنى ئوڭۇشلۇق باشقۇرۇشىغا ئالاھىدە زور ياردەم قىلغان.

1897 ـ يىلى، موڭغۇلىيىنىڭ ئۇلانباتۇر شەھرىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بايىن چوكتۇ دېگەن يېرىدىن تېپىلغان «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» ئەنە شۇ دانىشمەن نامىغا ئويۇلغان مەڭگۈ تاشتۇر.

«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى تۇتىدىغان يادىكارلىقلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ مىلادى 712 ـ 716 ـ يىللىرى تونيۇقۇق ھايات ۋاقتىدا ئۆزى تەرىپىدىن مەرمەر تاشقا ئويۇپ تەييارلانغان، ئۇ ئىككى پارچە چوڭ مەرمەر تاشقا 62 قۇر قەدىمكى تۈرك يېزىقى بىلەن ئويۇپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ مەڭگۈ تاش تونيۇقۇق ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قەبرىسى ئالدىغا ئورنىتىلغان. بۇنى بەزى مەنبەلەردە تېپىلغان جاينىڭ نامى بىلەن «بايىن چوكتۇ مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

بۇ مەڭگۈ تاشتا ئىلتېرىش خاقان، قاپاغان خاقان، بىلگە خاقان قاتارلىقلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى، مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، كۈچەيتىش، تىنچلاندۇرۇش يولىدا ياراتقان تۆھپىلىرى نازۇك شېئىرىي تىل بىلەن تەسۋىرلەنگەن، ئۇششاق قەبىلىلەرنى بىر قۇدرەتلىك كۈچ ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە بىرلىككە كەلگەن كۈچلۈك فېئوداللىق دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىسى ئالغا سۈرۈلگەن. بۇنداق ئىنتىلىش ئاساسىدا كۆك تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى بارلىققا كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈشتە ئىلغار رول ئوينىغان. «كۈلتېگىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» 1889 ـ يىلى موڭغۇلىيىنىڭ ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى خوشۇت سايدام دېگەن يېرىدىن تېپىلغان. شۇڭا بەزىدە «خوشۇت سايدام مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تېكىستلىرى كۈتىگىن ھەم بىلگە خاقاننىڭ جىيەنى يوللۇغ تىكىن تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، ئورخۇن يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقى بىلەن يۇقىرىدىكى ئىككى خاقان نامىغا ئويۇپ يېزىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، 1971 ـ يىلى، ئۇلانباتۇرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى چورىن دېگەن جايدىن تېپىلغان «جورىن مەڭگۈ تېشى» (مىلادى 686 ـ 687 ـ يىللىرى ئورنىتىلغان)،

قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىق دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان «مويۇنچۇر مەڭگۇ تېشى» (1909 ـ يىلى موڭغۇلىيىدىكى سىلىنگا دەرياسى بويىدىن تېپىلغان بولۇپ، تەخمىنەن مىلادى 759 ـ يىللىرى ئورنىتىلغان)، «ئۇيغۇر قۇتلۇغ كول بىلگە خاقان مەڭگۇ تېشى» (بىلمى دېڭىزدەك بىلگە خاقان)، «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە خاقان مەڭگۇ تېشى» (1890 ـ يىلى ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى قارا بالغاسۇندىن تېپىلغان) بار، قارابالغاسۇن ئوردوبالىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ شەھەر مىلادى 744 ـ يىللىرى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان.
ئۇندىن باشقا، سۇجى دېگەن جايدىن تېپىلغان مەڭگۇ تاشلار ۋە يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان قىرغىزلارغا ئائىت مەڭگۇ تاش يادىكارلىقلىرى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ مەڭگۇ تاشلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىنى، ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى، تىلىنى، ھاياتىنى تەتقىق قىلىشتا تەڭداشسىز قىممەتكە ئىگە بايلىقتۇر.

تەكرارلاش سوئاللىرى

1. «مەڭگۇ تاش» ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى دېگەن نېمە؟
2. «مەڭگۇ تاش» ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى نېمە؟
3. «مەڭگۇ تاش» يادىكارلىقلىرى قايسى دەۋر (خانلىق) لەرگە مەنسۇپ؟
4. «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»نىڭ ئەھمىيىتى، ئالغا سۈرگەن ئىدىيىسىنى چۈشەندۈرۈڭ.
5. «مەڭگۇ تاش» ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدىن يەنە قايسىلار بار؟ قەيەردىن تېپىلغان؟

## 7 ـ باب  ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە دىن ۋە ئەدەبىيات

### 1 ـ §. دىن بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

تارىخىي پاكىتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇيغۇرلار ۋەتىنىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە خېلى مۇرەككەپ تارىخىي باسقۇچلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولۇپ، دىن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.
ئۇيغۇرلار تارىختا ئۆزىنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىۋى شارائىتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قاراپ، توتېمىزم، سېھىرگەرلىك، شامانىزم، زەردۇشتىزم، بۇددىزم، مانىخېيزم ۋە قىسمەن خرىستىئان دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلىپ، ئەڭ ئاخىرى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان.

ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ مەنبىئى ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت، شۇڭا ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت قانداق بولسا، كىشىلەرنىڭ ئېڭىمۇ شۇنداق بولىدۇ. دىنمۇ ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ مۇ مەلۇم دائىرىدە دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

«دىن ئەڭ ئىپتىدائىي زامانلاردا كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەتراپلىرىدا بولغان تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى ئەڭ نادان، ئەڭ ساددا ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلىرىدىن كېلىپ چىققى...»[15]

«ھەرقانداق دىن باشقا نەرسە ئەمەس، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرىدىغان تاشقى كۈچلەرنىڭ شۇ كىشىلەر مېڭىسىدىكى خىيالىي ئىنكاسى بولۇپ، ئۇنىڭدا يەر كۈچلىرى شۇ يەرگە خاس بولغان كۈچلەر شەكلىنى ئالىدۇ.»[16]

بۇنىڭدىن شۇ نەرسىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ماركسىزىمغىچە بولغان ماتېرىيالىستلارنىڭ ئېيتقىنىدەك، دىن ئاڭنىڭ قالاقلىقىدىن پايدىلىنىپ، راھىپلارنىڭ ئالدامچىلىق بىلەن ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسىسى ئەمەس، بەلكى دىننىڭ مەنبىئى ماددىي بارلىق (مەۋجۇدىيەت) بولۇپ، دىن ئەنە شۇنداق بارلىقنىڭ ئۆز زامانىسىغا يارىشا ئۆزگە خاس ئىنكاسى.

دىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، ئەڭ دەسلەپكى دىنلارنىڭ بىرى بولغان توتېمىزىم ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلى. قەبىلە خۇداسى ئۇرۇقلار قەبىلە بولۇپ بىرلەشكەندىن كېيىن پەيدا بولغان.

قۇلدارلىق تۈزۈم ۋۇجۇدقا كەلگەندىن كېيىن ئەڭ، ئالىي تەڭرى بارلىققا كېلىپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى خۇدالارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇندى، پادىشاھلىق، مۇستەبىتلىك تۈزۈمىدىكى چوڭ دۆلەتلەر مەيدانغا كېلىش بىلەن دىن تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، يېگانە، ھەممىگە قادىر تەڭرى بارلىققا كەلدى. بۇ چاغدىكى خۇدالار بۇرۇنقى خەلق تۇرمۇشىغا يېقىن كونكرېت خۇدالاردەك ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن ئابستىراكت، سىرلىق بولۇپ، بۇمۇ ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۆزاق جەرياندا مەيدانغا كەلگەن مۇرەككەپلەشكەن مەھسۇلى. بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى، ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ئۈچ دۇنياۋى مەشھۇر دىنلار ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك دەلىلى.

ماركسچە ئىنكاس نۇقتىئىنەزىرىدىن ئېيتقاندا، دىن ئەڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئاڭنىڭ ماددىي بارلىق (مەۋجۇدىيەت) بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىشىدىن پەيدا بولغان ھېسسىي تەسەۋۋۇرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ سەنئەتنىڭ تۈپكى خۇسۇسىيىتى بولغان ئوبرازلاردىن ئايرىلمىدى، نەتىجىدە سەنئەت بىلەن گىرەلىشىپ ئۆز مەزمۇنىنى سەنئەت شەكلى بىلەن ئىپادىلىدى.

---

[15]ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، 627 ـ بەت.

[16]ئېنگېلس : «دىيۇرىڭغا قارشى».

www.uyghurweb.net

كېيىنچە مۇكەممەللىشىپ دۇنيا دىنلىرىغا ئايلانغان شامانىزم، زەردۇشىزىم (ئاتەشپەرەسلىك دىن) ۋە بۇددىزىممۇ كۆك ئاسمان، قۇياش ۋە ئوتنى ئىلاھى تونۇپ، ئېتىقاد قىلغان ئىدى.
يۇنانلىقلار مىلادىدىن 7 ـ 8 ـ ئەسىر ئىلگىرىلا، يەنى گومېردىن خېلىلا بۇرۇن، ئۆز خۇدالىرىنى گۈزەل قىلىپ تەسۋىرلەش ئۈچۈن يۇنانىنىڭ گۈزەل تەبىئىي شارائىتى يەنى بۇلۇتسىز ياپ ـ يېشىل ئاسمىنى، زەڭگەر دېڭىزى قاتارلىق مەنزىرىلەر ئىچىگە قويۇپ، ئادەم قىياپىتىدە لەھەڭ بىلىنقا مىنىپ، شىددەتلىك دولقۇنلارنى يېرىپ يۈرگەن ھالەتتە تەسۋىرلىگەن. قۇياشنى ئوت ئۈچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ تۆرىدىغان بىر ئاقساق تۆمۈرچى قىياپىتىدە تەسۋىرلىسە، ئۇنىڭ كۆرۈكىنى يەر ئاستىغا تولغان ۋولقانلار، دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى، كېيىن ئۇلار ئۇستىدە ھەرخىل رىۋايەتلەر يارىتىلدى.
ماركس، ئېنگېلس «سەنئەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسەردە ئېيتقىنىدەك: «شېئىرىيەت كىشىلەرنىڭ خۇدا ۋە ئۇلۇغ روھلار توغرىسىدىكى ھېسسىي خىياللىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋاستىسى ھېسابلىناتتى». بۇ كۆزقاراشنى ئىران مەدەنىيەت تارىخىدىن باشقا يەنە ئىران ۋە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمىي دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ ـ ئادەت تارىخىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان «ئاۋېستا» ناملىق مۇقەددەس دىنىي كىتاب ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ كىتاب 200 مىڭ مىسرالىق شېئىر تۈپلىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 14 ـ ئەسىردىن مىلادى 3 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مۇقەددەس دىنىي كىتاب بىرقانچە قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، سوئال ـ جاۋاب شەكلى بىلەن تۈزۈلگەن.
دۇنياغا داڭلىق «ئىلئادا»، «ئودىسسا» داستانلىرىمۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 7 ـ 8 ـ ئەسىرلەردە يارىتىلىپ، زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. گومېر خەلق ئېپوسلىرىغا تايىنىپ ياراتقان بۇ داڭلىق داستانلاردىكى خۇدالار ئۆز زامانىسىدىكى كىشىلەر قىياپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ئۆز زامانىسىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ دىن بىلەن سىھىرلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان پاكىت.

دىن بىلەن سەنئەتنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا بىرلىكتە يارالغان قانداشلىقىنى ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىسى ماكسىم گوركىي مۇنداق تەرىپلىگەن ئىدى: «خەلق ئۆزلىرىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىلا ئۆزىنى ساقلاشنىڭ تەبىئىي ھېسسىياتى بىلەن ياشاپ، قورۇق قوللىرى بىلەن تەبىئەتكە قارشى كۈرەشىپ، تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن ئەندىشە قىلىپ، ھەيران بولۇپ، خۇشال بولۇپ، دىننى ئىجاد قىلدى. دىن خەلقنىڭ پوئېزىيىسى ئىدى. خەلقنىڭ ئۆز تەجرىبىسى دائىرىسىدىن تاشقىرىدا دۈشمەن كۈچلەر بىلەن بولغان توقۇنۇشلاردىن ئالغان ھەممە تەجرىبىلەرنى، تەبىئەت كۈچلىرى توغرىسىدىكى ھەممە بىلگەن ـ كۆرگەنلىرىنى شۇ دىن ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. تەبىئەت ئۈستىدىن قازانغان دەسلەپكى غەلبىلىرى خەلققە ئۆزىنىڭ مۇستەھكەملىكى، ئۆزى بىلەن پەخىرلىنىش سېزىمى ۋە يېڭى غەلىبىلەر قازىنىش خاھىشىنى

www.uyghurweb.net

قوزغىدى، بۇ قەھرىمانلىق داستانلىرىنى يارىتىشقا مەجبۇر قىلدى. خەلقنىڭ ئۆزى تۇغرىسىدىكى بىلىملىرىنىڭ ھەم ئۆز ـ ئۆزىگە قويغان تەلەپلىرىنىڭ خەزىنىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەپسانە ۋە داستانلار بىرلىشىپ كەتتى... ئادەم ئۆز خۇداسىنى ھەممىنى بىلگۈچى، چەكسىز قۇدرەتلىك، ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچى قىلىپ، يەنى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادە قىلغۇچى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلدى. خۇدا پەقەت ئادەمنىڭ ‹خىيالىدۇر›، بۇ خىيال ناھايىتى كەمبەغەل، ئېغىر تۇرمۇش ۋە ئادەمنىڭ ئۆز كۈچى بىلەن ھاياتنى باي، يېنىكرەك، ئادالەتلىك، گۈزەل قىلىش ئۈچۈن ئىنتىلىش نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن... خۇدالار تۇغرىسىدىكى ئەپسانىلەر ‹‹دىنىي ئىجادىيەت› دەپ ئاتالسىمۇ، ئۆز ماھىيىتى بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەت قاتارىغا كىرىدۇ.»[17]

دىن بىلەن سەنئەتنىڭ مۇناسىۋەت بىرلىكىنى ئۇيغۇرلار ھون ئىتتىپاقىغا كىرگەن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىللىرى) دەۋرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شامانىزم تەسىرى كۈچلۈك بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ يىرىك ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دە ۋە 4 ـ، 5 ـ ئەسىردە مانى دىنى تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن «مۇقەددەس قەبرە» دۇئا نامىسىدا، ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ۋە شۇ دەۋرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بۇددا دىنى، مانى دىنى، ساماني دىنى تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي يادىكارلىقلاردا، جۈملىدىن ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى «قاراخانىلار» دەۋرىدىكى «قۇتادغۇ بىلىگ»كە ئوخشاش ئاجايىپ باي مەدەنىي يادىكارلىقلاردا، ئۇنىڭ داۋامى چاغاتاي دەۋرى، سەئىدىيە دەۋرى، جۇڭغار خانلىقى، مەنچىڭ دەۋرى، تاكى يېقىنقى دەۋرگىچە بولغان ئارىلىقتا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرىتالايمىز.

يۇقىرىدىكى پاكىتلاردىن ئېيتقاندا، دىن شۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەت ئەينىكى. بۇ دىننىڭ سۇبيېكتىپلىقى (ئىلىم ـ مەرىپەت ئېلىپ كەلگۈچى) رولى بولۇپ، دۇنياغا داڭلىق مىسىر ئېھراملىرىدىن تارتىپ، يۇنان تاش ـ مىس ھەيكەللىرى، دۇڭخۇاڭ قاتارلىق جايلاردا ساقلىنىۋاتقان ئون مىڭلىغان بۇت ھەيكەللەر، جامە ـ مىچىت، چىركاۋ، بۇتخانىلار، قەبرە، گۈمبەز ئابىدىلەر، بېزەكلىك مىڭ ئۆيلەر، مۇنارلار، ئۇلاردىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭگا ـ رەڭ نەپىس نەقىش، رەسىم، گۈزەل سەنئەتلەر، خەتتاتلىق قاتارلىقلار بۇ كۆزقاراشنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

ماركسچە نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىغاندا، دىننىڭ ئەكسىيەتچىلىك، ئەپيۇنلۇق، مۇتەئەسسىپلىك تەرىپىمۇ خېلى كۈچلۈك، ئۇ سىنىپىي جەمئىيەتتە مەيدانغا كېلىش بىلەن ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ئېزىش قورالىغا ئايلاندى، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئېزىلگۈچى سىنىپلارنى ئېزىش رولىنى ئوينىدى. ئەڭ ئەشەددىي يىرى شۇكى، يەن ـ مەدەنىيەتكە قارشى تۇرۇش، خەلقنى بىخوتلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى. شۇڭا لېنىن: «ھەرقانداق ھۆكۈمران سىنىپ

---

[17] گوركىي : «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 375 ـ 377 ـ بەتلەر.

www.uyghurweb.net

ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىككى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئامىلغا ــ جاللات ۋە پوپقا ئىگە بولۇشى كېرەك» دېگەن ئىدى.
دېمەك، دىن تەبىئەت زۇلۇمى ۋە ئىجتىمائىي زۇلۇمنىڭ، جاھالەت ۋە نادانلىقنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىش بىلەن يەنى پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئاستا ـ ئاستا يوقىلىدۇ. دىن بىلەن يۇغۇرۇلغان سەنئەتمۇ ساپ ئالتۇندەك ئايرىلىپ چىقىپ، دىنغا قارشى مەيدانغا ئۆتىدۇ.

## 2 ـ §. بۇددا دىنى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى ئەدەبىياتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقى ئۈچۈن بىز «دىن بىلەن ئەدەبىيات» دېگەن ماۋزۇدا ئاساسەن بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقىچە بايان بېرىش بىلەن چەكلىنىمىز.
ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى ئۇزاق يىللاردىن تارتىپ، تاكى ئىسلام دىنىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېتىقاد قىلغان دىنلىرىنىڭ بىرى بۇددا دىنى.
بۇددا دىنى مىلادىدىن بەش ئەسىر ئىلگىرى ھىمالايا تاغلىرى ئېتەكلىرىدە ياشىغان شاگى ناملىق ھىندى قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى ساكيامۇنى تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ، خرىستىئان دىنىنىڭ ياراتقۇچىسى ئەيسا قانداق ئەپسانە بولسا، ساكيامۇنى ھەم شۇنداق ئەپسانە. بىراق بۇددا دىنىنىڭ يارىتىلىپ مەيدانغا كەلگەنلىكى شەكسىز ھەقىقەت.
بۇددا دىنى ھىندىستاندا بار بولغان ۋېدانىزىم، بىراخمانىزىم قاتارلىق دىنلارنىڭ بىرىككەن ۋە ناھايىتى قەدىمكى دىنلار بولغان سىپترىزىم، مازدائىزىم (زەردوشىزىم) دىنلىرىنىڭ بەزى ئېلېمېنتلىرىنى ئۆزىگە توپلاپ تاكامۇللاشقان دىن.
بۇددا دىنى، ئاساسەن، ھىندى دۆلىتى مەغەر خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئاسوكا زامانىسىدا، يەنى مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇن كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشقا باشلىغان.
تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇددا دىنى مىلادىدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى كوشان ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاھى كانىشكاي 1 نىڭ زامانىسىدا كەشمىر ئارقىلىق خوتەنگە رەسمىي كىرگەن.
خوتەن جاھانغا مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ غەربىي قاتناش تۈگىنىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا خوتەن خانلىقىنىڭ كەشمىر بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، سودا ئالاقىسى بار ئىدى. خوتەننىڭ جۇغراپىيىۋى ئورنى ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىي، سودا ئالاقىسى جەھەتتىكى يېقى ئىزلىنىش ۋە ئىنتىلىشلىرى بۇددا دىنىنىڭ كىرىپ كېلىشىگە قۇلايلىق شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بەردى. بۇنداق قۇلايلىق شەرت ـ شارائىت ئىچىدە بۇددا دىنى كانىشكاي 2 نىڭ

www.uyghurweb.net

زامانىسىدا، يەنى مىلادى 110 ـ 125 ـ يىللىرى پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىلىشقا باشلىدى. مىلادى 4 ـ ئەسىرگىچە، خوتەندىن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىپ بولدى. ھەتتا 4 ـ ئەسىردە، بۇددا دىنى تۇرپان خانلىقىنىڭ رەسمىي دۆلەت دىنى دەرىجىسىگە كۆتىرىلدى.

بۇددا دىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە توخارلار (ياۋچىلار) ۋە ئۇيغۇرلار ئارقىلىق تارقالغان.

تۇرپاندىن باشقا بۇددىزىمنىڭ يەنە بىر مەركىزى كۇچار ئىدى. بۇ كۇچار پادىشاسىنىڭ قىيناچىسىنىڭ ئوغلى مەشھۇر بۇددىست شائىر كومىراجىۋانىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. شائىر بۇددىست كومىراجىۋانىڭ كۇچاردىكى پائالىيتى غەرب ۋە شەرقنى ئۆزىگە تارتقان ئىدى. نەتىجىدە كۇچاردا نۇرغۇن بۇت ۋە ئىبادەتخانىلار بارلىققا كەلدى. بۇ يەرنى شەرق ۋە غەربتىن نۇرغۇن بۇددىست ئالىملار كېلىپ زىيارەت قىلىپ ئىلىم تەلىم ئېلىپ قايتاتتى. ئۇ نۇرغۇن بۇددىستلارنى تەربىيلەپ چىقىراتتى. كېيىن، ئۇ بۇددا دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئىچكىرىگە (لوياڭغا) بېرىپ، تەرجىمانلارنىڭ باشلىقى بولۇپ، ناھايىتى نۇرغۇن بۇددا كىتابلىرىنى سانسكرىت تىلىدىن بىۋاستە تەرجىمە قىلىپ، بۇددا مەدەنىيىتىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىتىشقا ناھايىتى زور رول ئوينىدى. بۇددىست ئالىم ۋە بۇددا مەدەنىيەت ئەربابى كومىراجىۋا كەشمىردە ئوقۇۋاتقان چاغدىلا، چوڭ شۆھرەت قازىنىپ، ئۇنىڭ نامى شەرق ۋە غەربكە يېيىلىشقا باشلىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىش ۋاقتىدا، پادىشاھنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مەخسۇس ئۇنىڭغا ئاتاپ ياساتقان ئالتۇن تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

بۇددا دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ھۆكۈمران ئىدىيولوگىيە سۈپىتىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەندىن تاشقىرى، مەدەنىيەت نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، بۇيۇك بۇددا مەدەنىيىتى ئېلىپ كەلدى. ئۆز زامانىسىدىكى ھەيكەلتاراشلىق، نەققاشلىق ۋە رەسساملىقنىڭ يۇقىرى چوققىسى بولغان دۇڭخۇاڭ مىڭ ئۆيى، توغراق ئېقىن مىڭ ئۆيى، قۇمتۇرا مىڭ ئۆيى، كۇچار، باي، تۇرپاندىكى مىڭ ئۆي ۋە بېزەكلىك، بۇرۇن ئۇيغۇر خەلقلىرى ياشىغان جايلاردىكى مىڭ ئۆي، بېزەكلىك دىنىي ئەسلىھەلەردىكى كىشى ئەقلىنى تاڭ قالدۇرىدىغان مەدەنىي يادىكارلىقلارغا ئائىت بۇيۇملار ئەنە شۇ بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئۆلۈغ ۋە ئېسىل يالدامىسىدۇر.

مىڭ ئۆي، بېزەكلىك ۋە ئىبادەتخانىلار قەدىمكى دەۋر زىيالىيلىرىنىڭ توپلىشىپ، تۇرلۇك ئىلمىي ۋە مەدەنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ماكانى ئىدى. بۇنداق ئىلمىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەر تۇرلۇك دىنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئۈچۈن ئەينى زاماندىكى زىيالىيلار قاتلىمى ئەنە شۇ دىنلارنىڭ راھىبلىرى، زاھىتلىرى (تەقۋادار، ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى)، تويىنلىرى ـ باخشىلىرى، شەيخلىرى ئىدى. ئۇلار ئىبادەتخانىلاردا، بىر تەرەپتىن، بۇتقا چوقۇنۇپ ئىستىقامەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تۇرلۇك تىللاردىكى دىنىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى

تەرجىمە قىلاتتى، شېئىرلارنى يازاتتى ۋە ھەيكەلتاراشلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق، بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىڭ ئۆيلەرنى، ئىبادەتخانىلارنى بېزەيتتى.

دېمەك، بۇددا ئېتىقادى ئۈچۈن ئىبادەتخانىلارنى سېلىش توغرا كەلگەنلىكتىن، بىناكارلىق تەرەققىي قىلدى. ئىبادەتخانىلارنى بۇددا ھۆرمىتىگە لايىق گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن نەققاشلىق تەرەققىي قىلدى. ساكيامۇنى ۋە ئۇنىڭ راھىپلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۈچۈن ھەيكەلتاراشلىق تەرەققىي قىلدى. ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن شەخسى ۋە كوللېكتىپ سۈرەتلىك رەسىم سىزىش پائالىيىتى تەرەققىي قىلدى. بۇ بۇتلارنى نازۇك ۋە نەپىس زىبۇ ـ زىننەت بىلەن بېزەش ئۈچۈن زەرگەرلىك تەرەققىي قىلدى. يۇقىرىدىكى مەدەنىي بۇيۇملارنى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەش، پىششىقلاش ۋە ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلدى. يۇقىرىدىكى ئامىللار بىر ـ بىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئويناپ، شىنجاڭدىكى ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلىپ يۈكسىلىشىگە زور ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى.

بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن ئەدەبىي يادىكارلىقلارنىڭ ئاساسلىقى قوچۇ ئىدىقۇت دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بىز بۇ ماۋزۇدا پەقەت ئومۇمى بايان بېرىش بىلەن چەكلىنىپ، نەق ئەدەبىي يادىكارلىقلارنى «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات» دېگەن ماۋزۇدا سۆزلىدۇق.

تەكرارلاش سوئاللىرى

1. دىن قانداق پەيدا بولغان؟
2. ئۇيغۇرلار قايسى دىنلارغا ئىشەنگەن؟
3. دىن بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مۇناسىۋتى قانداق؟ ئەمەلىي مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈڭ؟
4. دىننىڭ ئەكسىيەتچى رولى قەيەردە؟
5. نېمە ئۈچۈن دىننى ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقنىڭ مەدەنىيەت ئەينىكى دەيمىز؟
6. شىنجاڭغا بۇددا دىنى قاچان كىرگەن؟
7. بۇددا دىنى شىنجاڭغا نېمىلەرنى ئېلىپ كەلدى؟
8. كومىراجىۋا ھەققىدە نېمىلەرنى چۈشەندىڭلار؟ چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار؟

## 8 ـ باب  قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادى 9 ـ 13 ـ ئەسىرلەر) دەۋرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى راۋاجلىنىپلا قالماستىن، بەلكى مەنىۋى مەدەنىيىتى جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بۇ دەۋردە، شەرق ۋە غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىدىقۇت (قوچۇ) دا جۇڭگو، ھىندى، گىرىك مەدەنىيەتلىرى ئۆزئارا ئۇچراشقان ۋە تەسىر كۆرسەتكەن. بۇددىزىمنىڭ تەسىرى زور بولغان مانى ۋە نېستورىيان دىنىنىڭمۇ بەلگىلىك تەسىرى بولغان. مانا بۇلار شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە نەتىجىلىك بولۇشىدا تېگىشلىك رول ئوينىغان. ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان شائىر، يازغۇچى ۋە تەرجىمانلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنداقلا قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تاكامۇللىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان، ئۇلار ئۆز ئانا تىلى (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى) دا ئەسەر ئىجاد قىلغان، شۇنداقلا باشقا تىللاردىن، بولۇپمۇ توخرى تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە سوغدى تىللىرىدىن ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان، شۇنداقلا ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىگەن. تەرجىمە قىلىشتا، ئەسلى نۇسخىسىغا ئاساسلىنىپلا قالماي، بەلكى باشقا تىللاردىكى نۇسخىلاردىن پايدىلىنىشقىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. بۇنداق ئەسەرلەردىن ھازىرغا قەدەر تېپىلغانلىرى ئاز ئەمەس، لېكىن ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەت ئەللەردە ساقلانماقتا، ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىلىرى چەت ئەللەر تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى. بۇ ئەسەرلەر قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، دىنىي ئېتىقادى، پەلسەپىۋى كۆزقارىشى، ئەخلاقىي چۈشەنچىسىنى، شۇنداقلا قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ[18].

ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان قوچۇ دەۋرىگە ئائىت شېئىرلار خېلىلا كۆپ. بۇلار، ئاساسەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا يېزىلغان؛ ئاز ساندىكىلىرى مانى يېزىقىدا (تىلى ئۇيغۇرچە) يېزىلغان. شېئىرلارنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە كەلسەك، ئاساسەن، باش قاپىيە ۋە باش ـ ئاياق قاپىيىدە يېزىلغان. باش قاپىيىلىك شېئىرلاردا ئاياق قاپىيە ۋە بوغۇم تۇراقلىرى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان. باش ـ ئاياق قاپىيىلىك شېئىرلاردا ئىزچىللىق جەھەتتە يەنىلا باش قاپىيە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ شېئىرلار ئىچىدە ھەر كۇبلېتى ئۈچ مىسرالىق، تۆت، ئالتە، سەككىز مىسرالىق شېئىرلار بار، ھەربىر شېئىرنىڭ كۇبلېتلىرىنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرى كۆپىنچە قاپىيىداش چۈشۈرۈلگەن.

---

[18]ئىسراپىل يۈسۈپ :«قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «تارىم»، 1985 ـ يىل 6 ـ سان.

www.uyghurweb.net

بۇ دەۋردە ئاپرىنچور تېگىن، پىراتيايا، ئاسىخ ـ تۇتۇك، چىسوۋا تۇتۇڭ، ئاتساڭ، قالىم قايىشى، كى كى قاتارلىق شائىرلار ئۆتكەن.

ئاپرىنچور تېگىن لىرىك شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنساننىڭ نازۇك تۇيغۇسى بولغان مۇھەببەت ـ سۆيگۈ تېمىسىدىكى شېئىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن:

ئۆز يارىمنى ئويلايمەن،

ئويلايمەنۇ ـ ئويلايمەن،

يارنى سۆيمەك ئىستەيمەن.

بۇ دەۋردىكى كۆپلىگەن شېئىرلار بۇددا دىنىغا بېغىشلانغان بولسىمۇ، لېكىن بەزىلىرىدە ئۆي ـ ۋاقىنى تاشلىغان بۇددا راھىبلىرى ئىستىقامەت قىلىدىغان تىنچ، خىلۋەت تاغ ـ جىلغىلار، ئورمانلار، ئېقىن سۇ ۋە كۆل بويلىرىنى شېئىرىي تىل ئارقىلىق جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن، شۇنداقلا گۈزەل تەبىئەت تەسۋىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تەبىئەت گۈزەللىكىدىن زوق ئېلىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن.

بۇ دەۋردە تەرجىمە ۋە تەقلىدىي ياكى ئۆزلەشتۈرمە ئەدەبىيات بەك تەرەققىي قىلغان. بۇلاردىن «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى»، «چاشتانى ئىلىگ بەگ ھېكايىسى»، «ئالتۇن يارۇق»، «مائىترى سىمىت» قاتارلىقلار ئەڭ مەشھۇر.

«ئالتۇن يارۇق»نى ئىدىقۇت دەۋرىدىكى مەشھۇر تەرجىمان جىمسارلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا يۇقىرى ماھارەت بىلەن تەرجىمە قىلىپ چىققان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېتىشكەن ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان.

«مائىترى سىمىت» ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى شەكىللەندۇرگۈچى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ھېسابلانغان قەدىمكى كۇچار ياكى قارا شەھەرلىكلەرنىڭ «ئاتالمىش توخرى تىلى» دىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئىجادىي تەرجىمە قىلىنغان سەھنە ئەسىرى بولۇپ، 27 پەردىلىك ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنى داڭلىق تەرجىمان پرتانراكشت تەرجىمە قىلىپ ئىشلەپ چىققان. ئۇنىڭ ئىدىقۇت دەۋرىدە تەرجىمە قىلىنغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. «بۇنىڭدىن 2000 نەچچە يۇز يىل ئىلگىرىلا شىنجاڭدا دراما ئوينىلىشقا باشلىغان، بۇنداق سەنئەت شەكلى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان. ‹مائىترى سىمىت› ئەنە شۇ قەدىمكى درامىلارنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا بىر مۇھىم نامايەندە.»[19] بۇنىڭ بىلەن (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى) «مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ ئەزەلدىن مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى

---

[19]قۇربان ۋەلى ‹‹مائىترى سىمىت› ۋە ‹توخرى تىلى››، «شىنجاڭ گېزىتى» 1982 ـ يىلى، 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن.

www.uyghurweb.net

مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئەنگە ئالدى. جۇڭگو سەنئەت تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى ‹مائىترى سىمىت› سەھنە ئەسىرىنىڭ تارىخى جۇڭگو تىياتىرچىلىقىنىڭ تارىخىنى يەنە 400 يىل ئالدىغا سۈردى، دەپ قاراشتى.»[20]

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇن جەھەتتە ئاساسەن دىنىي خاراكتېر ئالغانلىقى؛ شەكىل جەھەتتىن خىلمۇ ـ خىللىقتا ئىگە ئىكەنلىكى؛ تىل جەھەتتىن ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ۋە تاكامۇللاشقان ئەدەبىي تىل ئاساسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تەكرارلاش سوئاللىرى

1. قوچۇ دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى قايسى تەرەپلەردىن چۈشەندۈرەلەيسىلەر؟
2. «مائىترى سىمىت» سەھنە ئەسىرى ھەققىدە نېمىلەرنى چۈشەندىڭلار؟
3. «مائىترى سىمىت»نىڭ قىممىتى قەيەردە؟

[20] «16 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ قاتنىششى بىلەن 1984 ـ يىلى 15 ـ نويابىر كۇنمىڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىياتىر تۈرلىرى بويىچە مۇنەۋۋەر تىياتىرلارنىڭ سىنئالغۇ كۆرىكى ۋە تىياتىر تارىخى بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. » «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى سانىنىڭ 1 ـ بېتىگە قارالسۇن.

## 9 ـ باب قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

1 ـ §. ئومۇمى چۈشەنچە

مىلادى 9 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن، ئورخۇن ۋادىلىرىدىن ئانا ماكانلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا سىلجىغان ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر، ياغما، قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەر باشچىلىقىدا، قەدىمكى قەشقەر خانلىقى ئاساسىدا قاراخانىلار خانلىقى شەكىللەندى. ئۇ دەسلەپ بالاساغۇن تەرەپلەرنى مەركەز قىلغان بولسا، كېيىنچە قەشقەرىيە تەرەپلەرنى مۇستەھكەملەپ، قەشقەرنى مەركەز قىلدى. قاراخانىلار دەۋرى (9 ـ 12 ـ ئەسىرلەر) دە، تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاساسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلىش بىلەن مەنىۋى مەدەنىيىتىمۇ ناھايىتى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. شۇڭا تەتقىقاتچى ئالىملار بۇ دەۋرنى مەدەنىيەتنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» دەپ تەرىپلىمەكتە.

ئۇيغۇر قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە، ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىپ قوبۇل قىلىنىپ، ئەسلىدىكى بۇددا ۋە باشقا دىنلار چەتكە قېقىلىش بىلەن مىڭ يىللىق بۇددا مەدەنىيىتىمۇ ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنى تەسىرىدە ئۇيغۇرلار ئۆزگىچە خاس ئىسلام ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ياراتتى. بۇ يالغۇز ئۇيغۇر تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى تۈركى خەلقلەر تارىخىدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىشلار بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىچىدە ئۇيغۇر، ياغما، قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ نوپۇسى يۇقىرى، ئىقتىسادى مۇستەھكەم ۋە تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيىتى راۋاجلانغان، بۇرۇنلا ئولتۇراق يېزا تۇرمۇشى، شەھەر ھاياتىغا كۆچكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمران قەبىلىلىرى بولۇپ قالغان ئىدى. شۇ چاغدىكى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلار ئۆزلىرىنى «تۈرك» دەپ ئاتاشقان. بۇ دەۋردىكى كۆپلىگەن ئالىم، مۇتەپەككۇر، سىياسىيون، شائىرلار، ئاساسەن، يۇقىرىقى مەدەنىيەتلىك قەبىلىلەر ئارىسىدىن چىقاتتى. چۈنكى كۆچمەن، چارۋىچى قەبىلىلەردىن ئىلمىي خادىملارنىڭ چىقىشى ناتايىن ئىدى. ئەبۇناسىر فارابى مانا شۇنداق مەدەنىيەتلىك «تۈرك» لەردىن چىققان ئۇلۇغ ئالىم ئىدى.

فارابى مىلادى 870 ـ يىلى، سىر دەرياسى بويىدىكى فاراپ شەھىرىدە تۈرك ئوفتسېرى مۇھەممەتنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 880 ـ يىللاردىن باشلاپ، يەتتە سۇ ۋە قەشقەرىيە تەرەپلەردە قاراخانىلار دۆلىتىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش ناھايىتى كەسكىن تۈس ئېلىشقا باشلىدى. فارابىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى پۈتۈن ئائىلىسىنى ئېلىپ ئىراققا، كېيىن ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغدادقا كۆچۈپ كېتىشكەن. فارابى ئائىلىسى، ئېھتىمال، دەھشەتلىك ئۇرۇشلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، تىنچ جايدا ھايات كەچۈرۈشنى ئويلىغان بولسا كېرەك.

www.uyghurweb.net

فارابى باغداتتا ئۆز زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق ئەرەبلىرى بولغان ئۇلۇغ يۇنان پەيلاسوپى ئارستوتىلنى پىششىق بىلىدىغان يۇھەننا خەيلان ۋە يۇنان تىلىنى ئوبدان بىلىدىغان ئەبۇبىشىرماتتالار بىلەن تونۇشۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئىلمىنىڭ تۈرلۈك تارماقلىرى بويىچە ئىلمىي كۆڭىنىشلەر ئېلىپ باردى[21].

ئىشەنچلىك تارىخىي پاكىتلارغا قارىغاندا، ئۇ ماۋارا ئۇننەھر ۋادىسىدىكىگە ئوخشاشلا ئىراندا، باغداتتا، سۈرىيە ۋە مىسىردا يۈرگىنىدە، ئۆستىدىكى مىللىي تۈركى كىيىملىرىنى تاشلىماي، ئۆزىنى «فارابىي ئەتتۈركىي» دەپ يۈرگەن[22].

ئەنگلىيىلىك پروفېسسور، دوكتور خاملتون. ئا. گىببى (1895 ـ ؟) «ئەرەب ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «هازىرغىچە كىشلەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولمىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى فارابى (950 ـ يىلى ۋاپات بولغان) دېگەن يەنە بىر كىشمۇ بار. فارابى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ ئەۋلادى. ئۇنىڭ تېبابەتچىلىك ۋە مۇزىكا ساھەسىدىكى ئەسەرلىرى كلاسسىك ئەسەر بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نامىنىڭ هازىرغىچە يېتىپ كېلىشى ــ ئۇنىڭ ئەرەب پەلسەپىسىگە قوشقان تۆھپىسىدىن بولغان. فارابى (يېڭى ئەپلاتونچىلارنىڭ ئېيتىشىچە) ئارستوتىلچىلار بىلەن ئەپلاتونچىلارنىڭ تەلىماتىنى كېلىشتۈرۈشكە تىرىشقان. بىراق ئۇ بىر تەقۋادار ئىسلام ئېتىقاتچىسى سۈپىتىدە پۈتۈن زېھنى بىلەن پۈتكۈل يۇنانىنىڭ پەلسەپە قائىدىلىرىنى ئىسلامىيەت ئەقىدىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشقان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە بىزنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغىنى ‹پەزىلەتلىك شەھەر› (‹ئەلمەدىنە فازىلە›) بولۇپ، سىياسەت بىلەن دىنىنىڭ بىرلىكىنى شەرھىلەيدىغان بۇ رىسالىنى ‹غايىۋى دۆلەت›[23] دېگەن كىتابىنىڭ مۇسۇلمانچە نۇسخىسى دېيىشكە بولىدۇ.»[24] فارابى بىرگە ناھايىتى كۆپ ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. تۈركىيە فارابىشۇناسى ئەھمەد ئاتەشنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇ 160 پارچە ئەسەر يازغان ئىكەن.

قاراخانىلار دەۋرىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقىرى قاتارلىق مەشھۇر مۇتەپەككۇر ئالىم، يازغۇچىلار ئۆتكەن.

## 2 ـ §. يۈسۈپ خاس ھاجىپ

---

[21]شىرىپىدىن ئۆمەر : «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېرىكلار» 1 ـ قىسىم، 302 ـ بەت.

[22]ھاجى ياقۇپ : «ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، ھەكىم، سەنئەتكار فارابى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى» 1980 ـ يىل، 2 ـ سان، 39 ـ بەت.

[23]«غايىۋى دۆلەت» ئەپلاتوننىڭ ئەسىرى.

[24]«ئەرەب ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 158 ـ، 159 ـ بەتلەر.

www.uyghurweb.net

قاراخانىلار دەۋرىنىڭ مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان «قۇتادغۇبىلىگ» قەدىمكى زامان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىن ھازىرغىچە بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن يېگانە بەدىئىي ئەسەر ۋە 11 ـ ئەسىر ئۇيغۇر بەدىئىي تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى بولۇش بىلەن بىرگە ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەرلەرنىڭ بىرى ۋە خەلقىمىزنىڭ ئىپتىخارى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ ئىلمىي ۋە بەدىئىي قىممىتى بىلەن جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىدىنمۇ ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرىدىن بولغان مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدا ئۆزىۋۇدىن بىرى پەخرىي ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە.
بۇ داستان قەشقەردە مىلادى 1069 ـ 1070 ـ يىللاردا يېزىلغان، ئۇنىڭ ھازىر ۋېنا، قاھىرە، نەمەنگان نۇسخىلىرى بار. بىراق ئەسلى قول يازمىسى تېخى مەلۇم ئەمەس. داستان 85 باب، 6645 بېيىت، 13290 مىسرادىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسەن، مەسنەۋى شەكلىدە، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتاقارىپ بەھرىدە يېزىلغان.
ئاپتور «قۇتادغۇ بىلىگ»كە ئۇچ چوڭ مۇناسىۋەت، يەنى بىرىنچى ئىلىمنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى، كىشىلەرنىڭ بەخت ـ سائادىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى؛ ئىككىنچى، قانۇننى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمگە باراۋەر قاراش؛ ئۈچىنچى، خان ـ پادىشاھ، بەگلەردە ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە دۆلەت قانۇنىنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشى ياكى بۇزۇلۇشىغا بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشنى سىڭدۈرۈپ، ئۇنى يۈكسەك بەدىئىي ۋاستىلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ ئۈچ چوڭ مۇناسىۋەت ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار شۇ دەۋر شارائىتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدا قاراخانىلار دەۋرىدىكى دۆلەتنىڭ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ، ئادەم، ئەخلاق ـ پەزىلەت، ئادەملەرنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە قەدەر ئەتراپلىق توختىلىپ، ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراستى «بىلىم ـــ ئەقىل، ئادالەت، دۆلەت، قانائەت» دېگەن تۆت ئاساسىي ئامىلغا ئايرىپ، ئۇلارنىڭ تىپىك مىسالى سۈپىتىدە «بىلىم ـــ ئەقىل»نى ئۆگدۈلمىش ئىسىملىك بىر كىشىگە، «ئادالەت»نى كۈن تۇغدى ئىسىملىك بىر كىشىگە، «دۆلەت»نى ئايتولدى ئىسىملىك بىر كىشىگە، «قانائەت»نى بولسا ئۇدغۇرمىش ئىسىملىك بىر كىشىگە تەقلىد قىلىپ، دېمەكچى بولغان پىكىرلىرىنى مۇشۇنداق ئەدەبىي شەكىل ئارقىلىق جانلىق تەسۋىرلىگەن.
85 بابقا بۆلۈنگەن بۇ ئەسەر باشتىن ـ ئاخىر دېگۈدەك شۇلارنىڭ ئۆزئارا سۆزلىشىشى ۋە مۇنازىرىلىرى بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇشۇنداق سۆزلىشىش، مۇنازىرىلەر ئارقىلىق جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ھەرخىل مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى بايان قىلغان، جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ھەرقايسى تەبىقە ۋە گۇرۇھلارنىڭ ماھىيىتى ھەم

ئورنى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۇلارغا تۇتقان پوزىتسىيىلىرىنى تەھلىل قىلغان، جەمئىيەتنىڭ ئىچكى ئەھۋالى ــ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ، خېلى يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەنلىكى، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا مەدەنىيەتنىڭمۇ يۈكسەلگەنلىكى، شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى قورۇلۇش، نەققاشچىلىق، رەڭدار بوياقچىلىق، قول سانائەت، چارۋىچىلىق ئەھۋالى قاتارلىقلار ھەققىدە توختالغان، شۇ ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا، ھەسەن بوغراخان ئىچكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىپ، يۇرتنى، جەمئىيەتنى تەرتىپكە سېلىپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلىشتا قوللىنىشى زۆرۈر بولغان چارە ـ تەدبىرلەرنى كونكرېت ئوتتۇرىغا قويغان. بولۇپمۇ دۆلەتنى بىلىم بىلەن باشقۇرۇش، بىلىملىك كىشىلەرنى ئەتىۋارلاش، ھەربىي ئىلىم (قوماندان خادىملارنىڭ ھەر خىل بىلىملەرنى ئۆگىنىشى لازىملىقى) قاتارلىقلارنى ئېنىق شەرھلەپ بەرگەن. ئاپتور «قۇتادغۇ بىلىگ»تە يەنە تارىخ، پەلسەپە، دىن، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، تېبابەتچىلىك، جۇغراپىيە، ئېتنوگراپىيە، زىياپەت قائىدىلىرى، ئائىلە تەربىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنىمۇ ئىخچام شەرھلەپ بەرگەن.

يولداش لىۋبېك «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا مۇنداق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى: «‹قۇتادغۇ بىلىگ› ئەسىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى نەزمى يەشمىسىنىڭ ئېلىمىزدە نەشر قىلىنىشى ئېلىمىزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئۈچۈن چوڭ ئىش. بۇ داڭلىق ئەسەرنىڭ ئۆزىدىكى تارىخىي گۆزەللىك قىممىتىدىن باشقا، بۇ ئەسەر مەيدانغا كەلگەن چاغدا دۇنيادا پەقەت ھىندىستان، ئەرەب، ئىران، جۇڭگو قاتارلىق ئەللەردىلا يازما ئەدەبىيات مەيدانغا كەلگەن، ھازىر تەرەققىي تاپقان باشقا بەزى مەملىكەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ قول يازما ئەدەبىياتىلا بار ئىدى. ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇشۇنداق داڭلىق ئەسىرىنىڭ بولۇشى قالتىس ئىش.»[25] مانا مۇشۇنداق داڭلىق ئەسەرنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ يېزىپ چىققاندىن كېيىن، قاراخانىلار پادىشاسىغا تەقدىم قىلغان. پادىشاھ كىتابنى ئوقۇپ، ئەھمىيىتىنى چۈشىنىپ، مۇئەللىپكە «خاس ھاجىپ» (دۆلەت تۈۋرۈكى، مەخسۇس مەسلىھەتچى) نامىنى بەرگەن.

«قۇتادغۇ بىلىگ» دەك يېگانە ئەسىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىلادى 1018 ـ يىلى بالاساغۇندا تۇغۇلۇپ، قەشقەردە ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ ئەسەرنى 50 نەچچە ياشلاردا يازغان، مىلادى 1085 ـ يىللاردا ئالەمدىن ئۆتكەن[26] ئۇنىڭ دەپنگاھى قەشقەردە.

---

[25]«شىنجاڭ گېزىتى» 1984 ـ يىلى، 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى سانىدىن.

[26]«شىنجاڭ گېزىتى»، 1984 ـ يىل، 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى سانىدىن.

www.uyghurweb.net

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ««قۇتادغۇ بىلىگ» تىن باشقا يەنە ‹قامۇس› (1082 ـ يىلى يېزىلغان ؟) ۋە ‹سىياسەتنامە› دېگەن ئىككى ئەسەر يازغان.»[27] قالغان ئەسەرلىرى ھازىرچە بىزگە مەلۇم ئەمەس.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، دىن، ھەربىي تاكتىكا، قانۇن، سىياسەت، تېببىي ئىلىم (مېدىتسىنا)، مائارىپ، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئېتنوگراپىيە قاتارلىق ساھەلەردە پىششىق بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

3 ـ §. مەھمۇد كاشغەرى

مەھمۇد كاشغەرى كاشغەرنىڭ ئوپال رايونىدىكى ئازىخ مەھەللىسىدە قاراخانىلار جەمەتىدىن ھۈسەيىننىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىن ئانىسى بۈۋى رابىيەنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى بىلەن ئەقىللىق، زېرەك، تىرىشچان، باتۇر بولۇپ چوڭ بولغان. قەشقەر مەدرىسلىرىدە يۇقىرى مەلۇمات ئالغان. ئوتتۇرا ياشلارغا كەلگەندە، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن قەشقەردىن ئايرىلىپ، قاراخانىلار زېمىنىنى ئۇزۇن مۇددەت كېزىپ، تىل ـ ئەدەبىيات، تارىخ، ئېتنوگراپىيە، توپونومىيە، جۇغراپىيىگە ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاپ، باغدادقا بارغان. ئۇ يەردە توپلىغان ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل رەتلەپ تۈرلەرگە ئايرىپ، سېلىشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك لۇغەتلەرنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ «قەدەم ئىزى براۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ»[28] دېگىنىدەك، يېڭىدىن يول ئېچىپ، باشقىلار قىلمىغان بىر ئۇسۇلدا «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئەسىرىنى تۈزۈپ چىققان. ئەينى زاماندا «تۈركى تىلى ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتاتتى.»[29] مەھمۇت قەشقىرى ئەرەبلەرنىڭ «ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈرۈكلەرگە يېقىش ئۈچۈن ئۇلارغا تۈركى تىلدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق»[30] ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئەسەرنى يازغان. شۇڭا بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ يۈكسەك مىللىي ئىپتىخارىنىڭ مېۋىسى بولۇشقا مۇناسىپ، دەيمىز.

«تۈركى تىللار دىۋانى»غا تەخمىنەن 7500 پارچىدىن ئارتۇق سۆزلەم (سۆز ۋە ئىبارە) كىرگۈزۈلگەن. 242 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ـ قوشاق توپلانغان، 200 پارچىغا يېقىن ماقال ـ تەمسىللەر يىغىلغان. شۇنداقلا يەنە بىر قىسىم رىۋايەت، قىسسىلەرمۇ كىرگۈزۈلگەن. بۇلار

---

[27] لىيۇجىزشاۋ :«دەۋر داۋالغۇشىنىڭ مەھسۇلى ـ ‹قۇتادغۇ بىلىگ› داستانىنىڭ دەۋر شارائىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1984 ـ يىلى 2 ـ سان، 80 ـ بەتكە قارالسۇن.

[28] تۈركى تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 7 ـ بەت.

[29] «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 5 ـ بەت.

[30] «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 2 ـ بەت.

www.uyghurweb.net

قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات جۇملىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، تىلنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

«تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، تۈركشۇناس H .A كونونوپ مۇنداق يىغىنچاقلايدۇ: ««تۈركى تىللار دىۋانى› 11 ـ ئەسىردىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ ھاياتىدىن خەۋەر بەرگۈچى بىردىنبىر مەنبە بولۇپ كەلمەكتە، بۇ ئەسەردە ئۇلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى، تۇرمۇش ئادىتى، مىللەت ۋە يەر نامىلىرى، ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرىنىڭ ئايرىلمىسى، قېرىنداشلىق ۋە تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى، تۈرلۈك مەنسەپ بەلگىلىرى ۋە نامىلىرى، يېمەك ـ ئىچمەك نامىلىرى، ئۆي قۇشلىرى ۋە ئۆي ھايۋانلىرى، چارۋىچىلىق ئاتالغۇلىرى، ئۆسۈملۈك ۋە ئاشلىق تۈرلىرى، ئاسترونومىيە ئاتالغۇلىرى، خەلق كالىندارلىرى، ئاي ۋە ھەپتە كۈنلىرى، جۇغراپىيە ئاتالغۇلىرى ۋە جايلار تەزكىرىلىرى، شەھەر، كېسەللىكلەر ۋە تېببىي دورىلار نامىلىرى، ئوپېراتسىيە ئاتالغۇلىرى، مېتاللار ۋە مەدەنلەر، ھەربىي ئىشلار، تەنتەربىيە ۋە مەمۇرىيەت ئاتالغۇلىرى، تۈرلۈك تارىخىي شەخسلەر ۋە رىۋايەتلەردىكى شەخسلەر نامىلىرى، دىن ۋە مىللەتكە دائىر ئاتالغۇلار، باللار ئويۇنلىرى ۋە كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىقلار بېرىلگەن. »[31]

4 ـ §. قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئەدەبىيات

قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئەدەبىي يادىكارلىقلارغا يەسەۋىنىڭ ھىكمەتلىرىنى، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانىنى، رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل رابغۇزى» ناملىق ئەسىرىنى، ئابدۇل پازىل مۇھەممەد ئۆمەرنىڭ «ئەسسۇراق بىنەل سىناھاھ» (تۈزىتىلگەن لۇغەت) ناملىق كىتابىنى، ئوبۇل پازىل بىننى مۇھەممەد جامال قارشىنىڭ «سوراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە»سى، ئابدۇغاپپار بىننى ھۈسەيىن قەشقەرىنىڭ «تارىخ كاشغەر» (قەشقەرىيە تارىخى) كىتابى، مەجىدىن مۇھەممەد بىننى ئەدنانىنىڭ «تۈركىستان ۋە جۇڭگو تارىخى» دېگەن ئەسىرى، خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» دېگەن ئەسىرى، «تارىخىي خانى» قاتارلىق بىر قاتار ئەسەرلەرنى كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھەققەتلەر ئىشىكى) ئەسىرى «ھىبەتۇل ھەقايىق» (ھەققەتلەر سوغىسى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەسەر 484 مىسرا، 14 باب بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن ئۆز دەۋرىدە قوشۇمچە قىلىنغان بىر شېئىر مۇنداق:

يېزىلغانە ئەسەر كاشغەر تىلى بىلەن،

[31]كونونوپ : «مەھمۇت قەشقەرى ۋە ‹ تۈركى تىللار دىۋانى›»، «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» ژۇرنىلى، 1972 ـ يىلى، 1 ـ سان.

www.uyghurweb.net

ئەدىب سۆزلىگەن بۇنى چىن تىلى بىلەن.
قەشقەر تىلىنى بىلسە گەركىشى،
ئاياندۇر ئەدىبنىڭ نېمە ئېيتمىشى.

شائىرنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت مەلۇمات يېتەرسىز بولغاچقا، پەقەت ئەسەر ئۇسلۇبىغا ۋە تىل خۇسۇسىيىتىگە قاراپ شائىرنىڭ ياشىغان دەۋرىنى تەخمىن قىلىمىز. رۇس تۈركشۇناسى بىر تىلشى مۇنداق يازغان ئىدى: «داستاننىڭ تىلىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىگ› تىلىغا خېلى يېقىن تۇرغىنىنى كۆرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەرەب، پارس تىللىرىدىن تالاي سۆزلەرنىڭ كىرگۈزۈلۈشى، قەدىمدىن ئىشلىتىلىپ كېلىدىغان شەكىللەرنىڭ قوللىنىلماسلىقى ۋە داستان تىلىنىڭ چاغاتاي تىلىغا خېلى يېقىن بولۇشى ــ بۇ داستان ‹قۇتادغۇ بىلىگ› تىن كېيىنرەك ياكى پارس تىلىنىڭ تەسىرى كۈچلۈكرەك بىر يەردە يېزىلغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. خۇددى شۇ ۋاقىتتا، داستاندا موڭغۇللار ھەققىدە ھېچقانداق گەپ بولمىغانلىقى سەۋەبلىك، داستان ھەر ھالدا 12 ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن ئىلگىرىرەك يېزىلغان بولسا كېرەك، دېگەن نەتىجىگە كېلىش مۇمكىن. داستاننىڭ قاچان يېزىلىش تارىخىنى تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ بەلگىلەش ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس.»[32]

«ئەتەبەتۇل ھەقايىق» دىداكتىك داستان بولۇپ، بىلىم ھەققىدىكى باياناار ئەسەر سەھىپىسىدە سالماقلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ بىلىمنىڭ كەمبەغەللەر ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

ئەسەردىكى يەنە بىر مۇھىم مەزمۇن جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچەملىرى بولغان راستچىللىق، سېخىلىق، كەمتەرلىك، يالغانچىلىق، بېخىللىق، خۇمسىلىق، تەكەببۇرلۇق قاتارلىقلار ھەققىدىكى بايانلاردىن ئىبارەت. شائىر ياخشى پەزىلەتلەرنى مەدھىيىلىسە، ناچار ئىللەتلەرنى قامچىلايدۇ.

خوجا ئەھمەد يەسەۋى ئوتتۇرا ئاسىيادا سوفىزىم ئەۋج ئېلىۋاتقان شارائىتتا ياشىغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئۆز دەۋرىنىڭ ئىدېئولوگى. ئۇ 1005 ــ 1116 ــ يىللار ئارىلىقىدا ياشىغانلىقى تەخمىن قىلىنىدۇ.

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ «ھېكمەتلەر»ى «دىۋانۇ ھېكمەت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇلاردا ئىسلام، كالام، سوپىلىق، دېھقانلار، تەرەققىيات، مەرىپەت ۋە ھەققەت قاتارلىق 10 چوڭ مەسىلىنى دىنىي ئىدىيالىستىك ئاساستا ھېكايە قىلىدۇ.

يەسەۋى سوپىلارنىڭ ئۇستازى سۈپىتى بىلەن كۆپلىگەن سوپىستىك ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسەرلىرىدە خېلى جىق ئىلغار پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇنداقلا ئۆز دەۋرىگىلا ماس كېلىدىغان ئىدىيىۋى خاھىشلارنى ئالغا سۈرگەن.

---

[32]«بۇلاق» : 1981 ــ يىل، 3 ــ سان، 260 ــ بەت.

www.uyghurweb.net

رابغۇزى 13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردە ئۆتكەن يازغۇچى بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرىلەردىن كېيىن چوڭ مەدەنىي مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن بىلىم ئەھلىلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ناسىرىددىن بۇرھانىددىن ئوغلى بولۇپ، بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا قەشقەر تەۋەسىدىكى «ئۇلۇغ ئۇزلۇغ راباتغۇزى»دا تۇغۇلغان دېيىلگەن[33].

رابغۇزىنىڭ ئەسىرى «قىسسەسۇل رابغۇزى»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» («پەيغەمبەرلەر قىسسەسى») دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ 72 بابتىن تۈزۈلگەن چوڭ ھەجىملىك پروۋېست.

ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ، رىۋايەتلەر مۇرەككەپ، ۋەقەلەر ئاجايىپ ـ غارايىپ، سەرگۈزەشتىلەر ئىنسانى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى تارىخىي خرونولوگىيە نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشى، ئىنسانىيەتنىڭ ئادەم بولۇپ شەكىللىنىشى، جەمئىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى، بۇ جەمئىيەتتە سىنىپلارنىڭ پەيدا بولۇپ، دۆلەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى، مۇشۇ جەرياندا بارلىققا كەلگەن زورو ئاستېر (ئوتپەرەسلىك) دىنى، يەھۇدىي، خرىستىئان دىنى، ئاخىرى ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىپ، بۇ دىننى قورال قىلىپ مەيدانغا چىققان ئىسلام ئىمپېرىيىسى شەكىللىنىپ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى، چارىيالىرى ھەم مۇھەممەد تەرەپدارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تۈگەپ، ھاكىمىيەت بېشىغا ئوماۋىلار چىققان دەۋرگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي دەۋرنىڭ كۆرەش تارىخى دىنىي فانتاستىك كارتىنا، ئوبرازلار ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ، ياكى قىسسىدىكى پۈتۈن ۋەقەلىك ۋە بۇ ۋەقەلەر ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن رىۋايەتلەر، رىۋايەتلەر ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئوبرازلارنىڭ ھەممىسىگە دىنىي مىستىك روھ سىڭدۈرۈلگەن.

ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى «زەبۇر»، «تەۋرات»، «ئىنجىل» دىن «قۇرئان»غا ئۆتۈپ ئىسلاملاشتۇرۇلغان ياكى ئەرەب فولكلورىدىن ئېلىنغان ئەپسانە، رىۋايەت، قىسسىلەر بولغىنى ئۈچۈن ۋەقەلىكلەرنىڭ رىۋايەت تەرەققىياتى رېئال رىۋايەت قانۇنىيىتى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئەپسانە، رىۋايەتلەرگە خاس ئىلاھىي، دىنىي فانتاستىك لوگىكا بويىچە يۈز بېرىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ نۇسخىلىرى شىنجاڭدىمۇ تېپىلىدۇ.

خارەزىمىنىڭ «مۇھەببەتنامە»سى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن؛ بۇ ئەسەرنىڭ تىلى 14 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن يېزىلغان؛ موڭغۇللار دەۋرىدە خارەزىم رايونى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن: مەركىزى تۆرگەنچ شەھىرى بولغان شىمالىي خارەزىم ئالتۇن ئوردا تەركىبىگە كىرگەن؛ مەركىزى قىيات قورغىنى بولغان جەنۇبىي خارەزىم چاغاتاي ئۇلۇسىغا قارايتتى. چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئەدەبىي تىلى ئۇيغۇر تىلى ئىدى. شۇڭا «مۇھەببەتنامە» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

---

[33]«بۇلاق»، 1980 ـ يىل، 1 ـ سان، 35 ـ بەت.

دېمەك، قاراخانىلار دەۋرى ئەدەبىياتى چاغاتاي دەۋرىنىڭ باشلىرىغىچە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى ساقلاپ كەلگەنلىكى، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى كەڭرەك دەۋرلەر بىلەن يورۇتۇپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

تەكرارلاش سوئاللىرى

1. فارابى ھەققىدە قانداق چۈشەنچە ھاسىل قىلدىڭلار؟
2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟
3. «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ قىسقىچە مەزمۇنى نېمە؟
4. «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ ئىلمىي قىممىتىنى ئۆلچەشتە بىرلا پاكىت قويالامسىز؟
5. «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ مەزمۇنى نېمە؟
6. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاچان يېزىلغان؟
7. خوجائەھمەت يەسەۋى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟
8. «قىسسەسۇل رابغۇزى»نىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە بايان قىلىڭلار.

www.uyghurweb.net

## 10 ـ باب موڭغۇللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

چىڭگىزخان موڭغۇل قەبىلىلىرىگە باشچىلىق قىلىپ، موڭغۇلىستاننى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، غەربكە يۈرۈش قىلدى. نايمان قەبىلىسىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، ئوردىدا نايمان خانى تاياڭ خان (كۈن خان) دۆلەت ئۇستازى قىلغان ئۇيغۇر زىيالىسى تاتاتۇڭانى ئۇچرىتىپ قالىدۇ. تاتاتۇڭا ئەقىللىق، زېرەك، ناتىق، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىغا كامىل ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ خىزمەتتە مەسئۇلىيەتچان، ئاقساقاللارنى ھۆرمەتلەيدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتى چىڭگىزخاننى تەسىرلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخان ئۇنىڭغا شاھزادە ـ بەگزادىلەرنى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ساۋاتلىق قىلىپ چىقىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرىدۇ.

«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا بىرقەدەر يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە ئىدى، ئۇلارنىڭ زىيالىيلىرى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە مەدەنىيەت تارقىتىش جەھەتتە ياخشى رول ئوينىدى؛ شۇنىڭدەك، قوشنا رايون ۋە مىللەتلەرگە تەسىر كۆرسەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن ئەللەر ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى ئۆزلىرىگە كاتىپ ۋە مەسلىھەتچى قىلاتتى. مەسىلەن، ئۇيغۇر زىيالىيسى تاتاتۇڭانىڭ نايمانلارغا تامغىچى بولۇشى ۋە باج ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ بەرگەنلىكى بۇنىڭ بىر دەلىلىدۇر. كېيىن موڭغۇللار نايمانلارنى يوقىتىپ، تاتاتۇڭانى ئەسىر ئالدى. تاتاتۇڭا موڭغۇل تىلىنى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىپ، موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلىشقا ئاساس يارىتىپ بەردى («يۈەننامە. تاتاتۇڭا تەزكىرىسى»). موڭغۇللار بۇ يېزىقنى مۇشۇ كۈنگىچە قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ موڭغۇللار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا چوڭ رول ئوينىدى.»[34]

بۇ چاغدا ئۇيغۇرلار موڭغۇللارغا سىياسىي جەھەتتە بېقىندى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن «قوچۇ ئىدىقۇتى ئەڭ ئاۋۋال موڭغۇللارغا ئەل بولغانلىقى ئۈچۈن چىڭگىزخان تەرىپىدىن ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىپ، ئۆزىنىڭ زېمىنىنى ساقلاپ قېلىشقا رۇخسەت ئېتىلدى.»[35] مۇشۇنداق بىرقەدەر سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، موڭغۇللار دەۋرىدە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ تەسىرىنى داۋاملىق ساقلاپ، ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان ئىدى. چۈنكى ماركسنىڭ ئېيتقىنىدەك: «ۋەھشىي ئىستىلاچىلار ئۆزلىرى ئىستىلا قىلغان مىللەتلەرنىڭ يۈكسەك مەدەنىيىتى تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنىدى. بۇ مەڭگۈلۈك تارىخىي قانۇندۇر.»[36]

[34]«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1 ـ قىسىم، 284 ـ بەت.

[35]«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1 ـ قىسىم، 276 ـ بەت.

[36]«ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى ، 2 ـ توم، 70 ـ بەت.

www.uyghurweb.net

موڭغۇللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ۋەكىل قىلىپ «ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەگ ۋە ئۇنىڭ بىشىدىن كەچۈرگەنلىرى»، «ئىدىقۇت قوچۇ خانلىقى تۆھبە مەڭگۈ تېشى» ۋە بىر قىسىم سۆزلۈكلەر، ھۆججەت، پۈتۈك ــ ۋەسىقىلەرنى كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

جانىبەگ ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئۆگدۈلمىش بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بايان ئاۋۇل ئۇرۇغىدىن كېلىپ چىققان. ئانا يۇرتى ئىسسىق كۆل بويلىرى ئىدى. كىچىكىدىن ئوقيا ئېتىشقا، چەۋەندازلىققا ھەۋەس باغلىغان ۋە ئۇيغۇر تىل ــ يېزىقىنى پىششىق ئىگىلىگەن. 15 يېشىدا چىڭگىزخان ئەسكەرلىرىگە قېتىلىپ، ئەسكەر، كېيىنچە خەۋەرچى بولغان. ئۇزۇن مۇددەت مەخپىي خەۋەرچىلىك قىلىپ ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى ئەسەر قىلىپ يېزىپ چىققان. ئۇ ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «بەندىلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى كەمىنە ئۇيغۇر قوۋمىدىن ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەگ دېيدۇركىم، دۇنيانى ئىستىلا قىلغان مەڭگۈلۈك سۈتۈ بوغرا دايىنمىغ چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەم ئوغلىنىڭ ئوغلى ئىزگۇخان دەپ ئاتالغان باتۇخاننىڭ تارىخىنى بۇگۇنگىچە ھېچكىشى يازماپتۇ، مەن ئاجىز كەمىنە كۆپ يىللار چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئوغلى ئىزگۇخان بىلەن ئات چاپتۇرۇپ جەڭ قىلغانلىقىمدىن بىشىمدىن ئۆتكەنلىرىنى يازماقچى بولدۇم. تاكى ئۆز خەلقىمىز بۇلارنى ئوقۇپ، دۇنيانى ئېلىش ئۈچۈن قانداق تىرىشىپ، قانچە مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، قانچە نۇرغۇن جەڭ قىلغانلىقىمىزنى ئۆگەنسۇن. بىز كۆرگەن يات ئەللەرنىڭ خەۋەرلىرى، ئاجايىپ ۋەقەلىرىنى ئاڭلاپ بىلسۇن، ئاللا بۇنىڭغا ئېرىشتۈرسۇن.»[37]

«ئىدىقۇت قوچۇ خانلىقى تۆھبە مەڭگۈ تېشى» بىر تارىخىي تەزكىرە بولۇپ، ئۇنىڭدا بارچۇق ئارت ئىدىقۇت (قوچۇنى تۈنجى قېتىم موڭغۇللار ئىستىلا قىلغاندا چىڭگىزخان كۈيئوغۇل قىلغان ئۇيغۇر خاقانى) تىن تارتىپ، تايپىنۇغىچە بولغان ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىنىڭ (خانلىرىنىڭ) شەجەرىسى خاتىرىلەنگەن.

«مەڭگۈ تاش» ھازىر گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ناھىيىلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. تاشقا 61 كۇپلېت ئۇيغۇرچە شېئىر ئويۇلغان[38].

موڭغۇل ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، پۈتۈن مەملىكەت بىرلىككە كەلگەنلىكتىن، شىنجاڭ رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆپلەپ باردى. ئۇيغۇرلار موڭغۇللارغا ئاۋۋال بويسۇنغانلىقتىن، يۈەن سۇلالىسى تەرىپىدىن ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە بولدى. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى ۋە ئىقتىدارلىق

---

[37]«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1983 ــ يىل 1 ــ سان، 160 ــ بەت.

[38]«شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1985 ــ يىل 1 ــ سان.

www.uyghurweb.net

كىشىلىرىنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىغا جەلپ قىلدى[39]. مەشھۇر ئۇيغۇر سىياسىيونى لەينىشەن 1279 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرى بولغان ئىدى[40].

ئارغۇن سالى ئۇيغۇر، موڭغۇل، خەنزۇ، زاڭزۇ تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن ئەركەك ـ چىشلىق ئىلمى، تارىخ، نوم ـ دەستۇرلار، مۇنەججىملىك ئىلىملىرى بويىچە مۇتەخەسسىس بولغان ئۇيغۇر ئالىمى ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر تارىخچىلىرىدىن سارابان «جىن سۇلالىسى تارىخى»نىڭ تەھرىرلىكىگە، ليەن خۈيشەن قايا «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»نىڭ تەھرىرلىكىگە قاتناشقان. لومىڭشەن دانا ئاگرونوم بولۇپ، جوڭگو يېزا ئىگىلىك ساھەسىدىكى مەشھۇر كلاسسىك كىتاب «يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىدىن ئاساسلار»نى يازغان. ئەنزاڭ گارناداس، بىلاناشىل قاتارلىقلار مەشھۇر تەرجىمانلار ئىدى. ئەنزاڭ «نەسرنامە»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۆرنەكلەر»، «داۋالاش تەس كېسەللىكلەر»، «دورا گىياھلار»، «ئىبرەتنامە» قاتارلىق كىتابلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ئەھمەد، ساڭلى قاتارلىق ئۇيغۇر مالىيە مۇتەخەسسىسلىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن مالىيە مىنىستىرلىرى بولۇپ، دۆلەت ئىقتىسادىنى كۈچەيتىشتە تېگىشلىك ھەسسە قوشقان. سەيدۇللا، سەۋنچ قايا (شياۋيۈنشى قايا)، مازۇچاڭ، گاۋكى گۇڭ، نەيشەن، شۆ ئاڭ فۇ، دىڭ گۇئەن قاتارلىق مەشھۇر شائىر يازغۇچىلار ئۆتكەن.

سەۋنچ قايا، سەيدۇللا قاتارلىقلار جوڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان ئۇيغۇر شائىرلىرى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى قويۇق خەلقچىللىق روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان، يۇكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن يېزىلغان. رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاھۇ ـ زارى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بولۇپمۇ ئۇيغۇر پەرزەنتى سەيدۇللا ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىدا، ئۇيغۇر مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن خەنزۇ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى بىر ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن، شۇنداقلا شىنجاڭ شېئىرىيىتىنىڭ خۇسۇسىيىتى خەنزۇ شېئىرىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىشتە تېگىشلىك ھەسسە قوشقان.

بۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ خەنزۇچە ئەسەر يازغانلىقى، بىر تەرەپتىن، جوڭگو ئەدەبىياتىنى جوڭگودىكى ھەرمىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقانلىقىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ يالغۇز ئۆز تىل ـ يېزىقىدا ئەسەر يېزىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تۆھپە قوشۇپلا قالماستىن، بەلكى باشقا مىللەت، تىل ـ يېزىقى بىلەنمۇ ماھىرلىق بىلەن سۆيەتلىك ئەسەر يازالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تەكرارلاش سوئاللىرى

---

[39]«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1 ـ قىسىم، 298 ـ بەت.

[40]«شىنخۇا تاللانمىلىرى ژۇرنىلى»، 1984 ـ يىل، 8 ـ سان، 74 ـ بەت. جاۋ يۇڭچۈنىڭ «يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدىكى ئۇيغۇر سىياسىئونى لىيەنشەن» دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن.

www.uyghurweb.net

1. نېمە ئۈچۈن موڭغۇل دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى جۈملىدىن ئەدەبىياتى راۋاجلاندى؟
2. جانىبەگ نېمە ئۈچۈن سەرگۈزەشت خاتىرىسى يازغان؟
3. «ئىدىقۇت قوچۇ خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» ھەققىدە نېمىلەرنى چۈشەندىڭلار؟
4. يۇەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن كىملەرنى بىلىسلەر؟
5. خەنزۇچە شېئىر يازغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ تۆھپىسى قەيەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

## 11 ـ باب ناۋايى دەۋرى ئەدەبىياتى

### 1 ـ §. قىسقىچە چۈشەنچە

تۆمۈر (1336 ـ 1405 ـ يىللار) شەرقتە ھىندىستاندىن غەربتە مىسىرغىچە بولغان جايلارنى بويسۇندۇرۇپ، بۇ جايلاردىن يالغۇز قىممەت باھالىق نەرسىلەرنىلا ئەمەس، بەلكى شۇ چاغدىكى مۇتەخەسسىس، مەشھۇر رەسسام، ئارخىتېكتور، ئالىملار ۋە ئىقتىساسلىق ھۈنەرۋەن، قابىل كىشىلەرنى، يازغۇچى، شائىر، ئىدىئولوگلارنى ئەسىر سۈپىتىدە ئېلىپ كېلىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئىدى. بۇ تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ئىلىم ـ پەن ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خېلى دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىدىكى بىر ئوبيېكتىپ سەۋەبتۇر.

تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئەدەبىياتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئەبەيدۇللا لۇتفى، سەككاكى، ئاتايى، ناۋايى قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىيىتى گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ.

ناۋايى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇكەممەل ئۇستىلىرىدىن ئاللانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن مەۋلانا سەككاكى ۋە مەۋلانا لۇتفىلاركى، بىرىنىڭ تاتلىق شېئىرلىرىنىڭ شۆھرىتى تۈركىستاندا چەكسىز ۋە بىرىنىڭ يېقىملىق، گۈزەل غەزەللىرىنىڭ تارقىلىشى ئىراق ۋە خۇراساندا ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئايرىم (شېئىرىي) توپلاملىرى بار.»[41]

لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا شاھزادە نەۋرۇز بىلەن مەلىكە گۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت گۈزەل تىل بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. شائىر شاھزادە، مەلىكىلەرنى ۋاستە قىلغان ھالدا خەلقنىڭ فېئودالىزم ئىستىبدادىغا قارشى ئازادلىق، ئەركىنلىككە ئىنتىلىش، ئىنسانپەرۋەرلىك، چىن ئىنسانىي مۇھەببەت، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك كۈچى ــ گۈزەللىكنى ئەكس ئەتتۈردى.

---

[41] ئەلىشىر ناۋايى «خازائىنول مائانى»غا يازغان كىرىش سۆزىدىن. مىلادى 1557 ـ يىلى، 1770 ـ، 1808 ـ يىللاردا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلاردىن.

www.uyghurweb.net

ئەلشىر ناۋايى لۇتفىلار بىلەن بىرلىكتە «ئۇيغۇر سۆز سەنئىتىدە كامالەتكە ئېرىشكەن پاساھەتلىك شائىرلار» دېگەن سەككاكى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، جۇشقۇن پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرى ھېسابلىنىدۇ. سەككاكىنىڭ كۆپلىگەن غەزەللىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن.

ئاتايى 15 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرىدىن بىرى بولۇپ، سەككاكىلار بىلەن زاماندىش. شائىر كۆپرەك لىرىك غەزەللەر يازغان:

مەجلىستە چاغىردىن ئىل ئۇ سۇرسە،

مەن جامى جەمالى ساقى بىرلە[42].

(كىشىلەر ئولتۇرۇشتا شاراپ ئىچىپ مەست بولسا،

مەن جامالىنىڭ جامى بىلەن ساقى بولىمەن)

ئاتايى شېئىرلىرىدا سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئاساسىي تېما قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن مەي ـ شاراپ ۋە رىئال ھايات گۈزەللىكلىرى قىزغىن كۈيلەنگەن.

2 ـ §. ئەلشىر ناۋايى

ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيتى، سىياسىي نوپۇزى بىلەن ئالەمشۇمۇل شۆھرەت قازانغان ئەلشىر ناۋايى تۆمۈرلەر دەۋرى مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ يۈكسەك چوققىسى بولۇپ قالغان ئىدى.

««تارىخىي رەشىدى»دە ئەلشىر ناۋايى ھىراتتا ئۇيغۇر باخشىسى (ئۇستازى) غىياسىدىن كىچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان» دەپ يېزىلغان.»[43]

«ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلغان كىشىلەرنى تارىخ ئۇلۇغ كىشىلەر دەپ ھېسابلايدۇ.»[44]

بۇنى ئەلشىر ناۋايىغىمۇ تەئەللۇق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ناۋايىنىڭ پۈتكۈل مېھنىتىنى ئۆزىنىڭ مۇنۇ شېئىرى بىلەن كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

يۈز جاپا قىلسا ماڭا، بىر قەتلە پەرياد ئەيلەبان،

ئەلگە قىلسا بىر جاپا، يۈز قەتلە پەرياد ئەيلەرەم.

---

[42]«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 158 ـ بەت.

[43]«ئىززەت سۇلتان ئەسەرلىرى»، «ناۋايىنىڭ قەلب دەپتەرلىرى»، 1973 ـ يىل، تاشكەنت ئۆزبېكچە نەشرى، 28 ـ بەتكە قاراڭ.

[44]«ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» رۇسچە نەشرى، 1 ـ توم، 429 ـ بەت.

www.uyghurweb.net

ناۋايى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەر ئەدەبىيات خەزىنىسىگە ئاجايىپ چوڭ مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ناۋايى ئۆز ۋاقتىنىڭ ئەدەبىي تىلى ــ ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن تىل «چاغاتاي تىلى»دا ئەسەر يازغان. ئۇ 1483 ــ يىلىدىن 1485 ــ يىلىغىچە «خەمسە» يەنى بەش داستانىنى: «ھەيرەتۇل ئەبرار» (ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى»)، «پەرھات ــ شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئى سەييارە»، («يەتتە سەييارە»)، «سەددى ئىسكەندەر» («ئىسكەندەر سېپىلى») نى يازدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «سىراجىل مۇسلىمىن» («مۇسۇلمانلار چىرىغى»)، «لىسانىت تەير» («قۇشلار تىلى»)، «مۇھاكىمە تۇل لۇغەتەيىن» («تىللار توغرىسىدا مۇھاكىمە»)، «ئاررۇ تۈركى» قاتارلىق بەدىئىي، ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازدى.

ناۋايىنىڭ لىرىك مىراسى «چاردىۋان» دۇر. ئەسلى نامى «خەزايىنول مەئانى» («مەنىلەر خەزىنىسى») ئىدى، «غەرايىبوس سىخەر» («ياشلىق غارايىپلىرى»)، «نەۋا دىرۇش شەباب» («يىگىتلىك نادىرلىقلىرى»)، «بەدايىئول ۋەسەت» («ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى»)، «خەۋائىدۇل كىبار» («قېرىلىق پايدىلىرى») دېگەن توپلامنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنى ئۈچۈن، «چاردىۋان» («تۆت توپلام») دەپ ئاتالغان.

بۇ ئەسەر غەزەل، بېيىت، مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەممەن، تەرجىئى بەند، رۇبائىي، تۇيۇق، قىتئە، پەرد قاتارلىق شېئىرىيەت شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ، مۇھەببەت لىرىكىسى، ئېتىم لىرىكا، سىياسىي لىرىكا، قەسىدە تۈرلىرى بويىچە يېزىلغان، 44،803 مىسرا ھەجىمىدىكى 3130 پارچە شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىڭدا ھاياتقا بولغان قىزغىن مۇھەببەت چىن ئىنسانىي سۆيگۈ، ساداقەت، مېھىر ــ ۋاپا، دوستلۇق، ئىلىم، كامالەتكە بولغان ئىخلاس؛ زالىملىق، ئالدامچىلىق، ئىنساپسىزلىق، ۋاپاسىزلىققا ئوخشاش يامان ئىللەتلەرگە نىسبەتەن چوڭقۇر نەپرەت، زامانغا بولغان نارازىلىق قاتارلىقلار ئاساسىي تېما قىلىنغان.

«چاردىۋان»نىڭ مەزمۇنى خىلمۇ خىل كەڭ. ئۇنىڭدا ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيىلەرنىڭ بىرى ئادالەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىدۇر. ئۇنىڭ يەنە بىر تېمىسى دىنىي شەرىئەت نىقاۋىغا ئورۇنۇۋالغان، ھىيلىگەرلىك، تەمەخورلۇق بىلەن جان باقىدىغان رىياكار (ئالدامچى) شەيخلەر، ئىشان ۋە سوپىلارنى پاش قىلىشقا قارىتىلغان.

ناۋايى لىرىكىلىرىدا يەنە گۇمانىزىملىق (ئىنسانپەرۋەرلىك) كۆز قاراشنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا، خوتۇن ــ قىزلارغا ھۆرمەت بىلەن قاراپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ــ پەزىلەتلىرىنى ئۇلۇغلايدۇ. ئۇلار ئىچىدىكى بىر قىسىم ئەقىل ــ پاراسەتلىك، ئەدەپلىك، ۋىجدانلىق خوتۇن ــ قىزلارنى بەزىبىر نادان، ئىنساپسىز، قىلىقسىز ئەرلەردىن ئۈستۈن قويىدۇ.

«چاردىۋان» مەزمۇن ئېتىۋارى بىلەن يەنە ئەدەپ ــ ئەخلاق، ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىلىرىغىمۇ بېغىشلانغان بولۇپ، شائىر ئۇنىڭدا كىشىلەرنى راستچىل، ساپ دىل، ھەققانىيەتچى، ھوشيار، باتۇر، مەرد بولۇشقا، ۋەتەننى، ئىلىم ــ پەننى قىزغىن سۆيۈشكە، دوستلۇقنى قەدىرلەشكە

ئۆندەپ، يالغانچىلىق، خۇشامەتچىلىك، تەمەخورلۇق، ئالدامچىلىقتا ئوخشاش يامان ئىللەتلەردىن خالى بولۇشقا، دۈشمەندىن ھوشيار بولۇشقا چاقىرىدۇ.
دېمەك، 1441 ــ يىلى 2 ــ ئاينىڭ 9 ــ كۈنى تۇغۇلۇپ، 1501 ــ يىلى 1 ــ ئاينىڭ 3 ــ كۈنى 60 يېشىدا ۋاپات بولغان ئەلشىر ناۋايى فېئوداللىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر ئىجتىمائىي پىكرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغان ئىدى.

تەكرارلاش سوئاللىرى

1. ناۋايى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرلىرى ھەققىدە قانداق چۈشەنچە ھاسىل قىلدىڭلار؟
2. ناۋايىنىڭ ئىجادىيىتىدىن نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟
3. «چاردىۋان» نىڭ قىسقىچە مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

## 12 ـ باب سەئىدىلەر دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

سەئىدىلەر دەۋرى (1514 ــ 1678 ــ يىللار) پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ قاراخانىلار ۋە تۆمۈرىلەر دەۋرى (ناۋايى دەۋرى) دىن كېيىن يەنە بىر قېتىملىق گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى كۆرسەتتى.
بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتتا سەئىدى، رەشىدى، مەۋلانە خۇلقى، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كاشغەرى، ئاياز بەگ قوشچى، قىدىرى، نەفسى، خوجا ئابدۇراززاق قاتارلىق شائىر، تارىخچى، ئەدىب، سىياسىئونلارنى ساناشقا بولىدۇ.
سەئىدىلەر دەۋرىنىڭ قۇرغۇچىسى سەئىدىخان ئەدەبىياتقا ھەۋەس باغلىغان خانلاردىن ئىدى. «تارىخىي رەشىدى» (زەئىلى) دە: سەئىدىخان خەتتاتلىق، شېئىرىيەت، ھەلچىلىك (خەتكە ھەل بېرىش)، مۆھىر، ئويۇش (تامغىچىلىق)، زەرگەرلىك، نەققاشلىق، مېمارچىلىق، سازچىلىق، ئوق ئۆتمەس تۆمۈر كىيىم ياساش، ئوق، قىلىچ، نەيزە ياساش، مىتال ئايرىش قاتارلىق ھۈنەر ــ سەنئەتلەردە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىقتىدارلىق كامىلى ئىدى. ئۇ سەنئەتنى قىزغىن سۆيەتتى. ئۇد، ساتار، تەمبۇر، چارتار (تۆت تار)، غىجەكلەرنى ياخشى چالاتتى، تۈركچە ۋە پارسچە بەھۇزۇر شېئىرلارنى يازالايتتى. قىسقىسى، ئۇ ھەم ئەلەم، ھەم قەلەم ساھەسىنىڭ ئىستېدادلىق ماھىرى ئىدى، دەپ بايان قىلىدۇ.
سەئىدىلەر دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئۇتۇقلىرى ئابدۇرىشىتخان دەۋرىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ[45]. ئۇ گۈزەل شېئىرلارنى يازغان:

---

[45]«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1983 ــ يىل، 1 ــ سان.

گەر بويۇڭنى سەرۋى دېسەم، سەرۋىنىڭ يوق مېڭىشى،
گەرلېۋىڭنى غۇنچە دېسەم، غۇنچىنىڭ يوق سۆزلىشى.
ئابدىرىشىتخاننىڭ غەزەللىرى دىۋان ھالىتىدە ھازىر بىزگە مەلۇم ئەمەس، «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى)، «چىڭگىزنامە» قاتارلىق كىتابلارغا ياخشى شېئىرلىرى تاللانما قىلىنغان.
مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر قەشقەرىنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرى سەئىدىيلەر دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالىدىن خەۋەر بەرگۈچى يېگانە تارىخىي ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭمۇ ياخشى نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا قىزىقارلىق رىۋايەت، قىسسىلەر كىرگۈزۈلگەن. ئامانىسا خېنىم (نەفىسى) تۆۋەن قاتلام خەلق ئارىسىدىن كەلگەن سەئىدىيلەر ئوردىسىنىڭ خانىشى بولۇپ، سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئايالى، مۇزىكانت ۋە شائىرە ئىدى.
ئامانىساخان (1336 ـ 1405 ـ يىللار) تەكلىماكاننىڭ غەربىي ياقىسىدىكى كەمبەغەل مەھمۇتنىڭ يالغۇز قىزى بولۇپ، كىچىكىدىن شېئىرىيەت، خۇشخەت ۋە تەمبۇر چېلىشقا زوقمەن بولغان.
مىسكىن قىياپىتىدە ياسىنىۋالغان ئابدۇرىشتخان ئامانىساخاننىڭ:
نەفسى كېچە ـ كۈندۈز قىل دۇئا تەڭرى تەقدىسىغە،
كى شاھىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا قاتتىغ گۇناھ قىلدىڭ.
دەپ ئاخىرلاشتۇرغان شېئىرىنى ئاڭلاپ، ئاشىقى ـ بىقارار بولۇپ، ئۇنى كاتتا توي مۇراسىمى بىلەن ئوردىغا ئېلىپ كەلگەن ئىدى.
ئامانىساخان ئوردىدا قىدىرخان قاتارلىق مۇزىكانتلارنى توپلاپ، كلاسسىك مۇزىكا «12 مۇقام»نى رەتلەپ چىققان. «ئىشرەت ئەنگىز» ناملىق يېڭى بىر مۇقام ئىجاد قىلغان. «ئەخلاقى جەمىلىيە» (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق دىداكتىك ئەسەر، «شورۇلقۇلۇپ» (قەلبلەر كېڭىشى) ناملىق ئېستېتىك ئەسەر يېزىپ، 34 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ يەنە «دىۋان نەفسى» ناملىق شېئىرلار دىۋانى بولغان.
سەئىدىيلەر دەۋرىدىكى ئەدەبىياتقا ئاياز بەگ قوشچىنىڭ «جاھاننامە» ناملىق داستانىنى تىپىك ۋەكىل قىلىپ ئېلىش مۇمكىن.
ئاياز بەگ قوشچى يەركەننىڭ قوشچى يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، سەئىدىيلەر دۆلىتىدە مۇھىم دۆلەت ئەربابى بولغان.
«جاھاننامە» 2650 مىسرا (1325 بېيىت) دىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، مەسنىۋى شەكلىدە يېزىلغان چوڭ ھەجىملىك داستان. بۇ داستاندا ئەينى زاماننىڭ كىتابەت ئادىتى بويىچە تەڭرى، پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ چاھارىيالىرى سۈپەتلىرىگە 60 مىسرا قەسىدە بېغىشلانغان. داستاندا يەنە ئەسەرنىڭ يېزىلىش سەۋەبلىرىگە ئائىت مۇقەددىمە خاراكتېرىدە 160 مىسرالىق بايان،

www.uyghurweb.net

ئەسەرنىڭ ئاپتور ھېسسىياتلىرىغا ئالاقىدار خاتىمىسىگە ئاتالغان 32 مىسرالىق بايان بار. خاس «جاھاننامە» قىسمىنىڭ ئۆزى 2398 مىسرا بىلەن بايان قىلىنىدۇ.

ئاياز بەگ داستانىدا چوڭقۇر بىر پەلسەپىۋى پىكىرنى ــ كائىناتنىڭ ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتتە ۋە ئۆزگىرىشتە بولىدىغانلىقىنى ھېكايەت شەكلىدە ئوبرازلاشتۇرۇپ، تۇغۇلماقتا ئۆلمەكلىك، خوشاللىقتا قايغۇ ــ ھەسرەت، گۈللىنىشتە خاراپلىق ئامىللىرى ساقلىنىدىغانلىقى، جاھان ئۆز ماھىيىتى بويىچە بۇ قانۇنىيەتكە زادى خىلاپلىق قىلمايدىغانلىقىنى، ئالەمنى، ھاياتلىقنى، خۇشاللىق ۋە گۈللىنىشنى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس تۇرغۇن ھالەتتە، دەپ قاراش «ئەجەب غەپلەت» ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ[46].

ئاپتور ئۆز داستانىدىن ئۈمىدۋار روھتا خۇلاسە چىقىرىدۇ. ئىنسان قىسقا ئۆمرىنى خەلققە، جامائەتكە بېغىشلاش لازىملىقىنى، پادىشالارنىڭ ئادىل ۋە رەھىمدىل بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ رىياللىستىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

سەئىدىلەر دەۋرى ئەدەبىياتى كېيىنكى دەۋر ئەدەبىياتى ئۈچۈن كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

تەكرارلاش سوئاللىرى

1. سەئىدىلەر دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن كىملەرنى بىلىسىلەر؟
2. ئاياز بەگ قوشچىنىڭ «جاھاننامە» داستانىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى نېمە؟

## 13 ـ باب زەللى دەۋرى ئەدەبىياتى

### 1 ـ §. ئومۇمى ئەھۋال

سەئىدىلەر دەۋرىدىن كېيىن، يەنى 17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردە شىنجاڭ رايونىدا ناھايىتى مۇرەككەپ ھادىسىلەر يۈز بەرگەن ئىدى. بۇ چاغ مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى تېخى شىنجاڭ رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئۈلگۈرمىگەن يىللار ئىدى. بۇ يىللاردا ئۆزىنى «پەيغەمبەر ئەۋلادى» دەپ ئاتىۋالغان خوجىلار، بولۇپمۇ مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شىنجاڭدا «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق»لاردىن ئىبارەت دىنىي مەزھەپ كۈرىشىنى كۈچەيتكەن، «ئىشقىيە»، «ئىسھاقىيە» جەڭ ماجىرالىرى قانلىق پاجىئەگە ئايلانغان ئىدى. «ئاق تاغلىقلار»نىڭ خوجىسى ــ ھىدايىتۇللا ئىشان جاھالەت ئىچىدە ئىگراۋاتقان خەلقنىڭ ئىرادىسىگە زىت ھالدا كەشمىر ۋە شىزاڭدىكى 5 ـ دالاي لاما ھەم شىزاڭ ھۆكۈمرانى دىبا ساڭجېجاسونىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ،

---

[46]«بۇلاق»، 9 ـ سان، 92 ـ بەت.

www.uyghurweb.net

جوڭغار تويلاكچىلىرىنىڭ باشلىقى غالدان بوشۇقتۇ خانىنىڭ قوشۇنلىرىغا تايىنىپ، 1678 ــ يىلى خانلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭ جوڭغارلارنىڭ ئوچۇق ــ ئاشكارا بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان، جوڭغارىيىگە سۈرگۈن قۇل كۆچۈرىدىغان ۋە خالىغانچە ئاياق ــ ئاستى قىلىدىغان پاجىئە ئوچىقىغا ئايلاندى.

ئاپئاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ چارەك كەم بىر ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشى، خەلقنى پاراكەندە قىلغۇچى ئۇرۇشلارنى ئىلىپ بېرىشى ئارقىسىدا تەسەۋۋۇپلۇق، ساختا كارامەتچىلىك، ئەۋلىيا پەرەسلىك (روھىي ۋەھىمچىلىك) ھەممىلا يەرنى قاپلىغان ئىدى. تەقۋادارچىلىق ئاساسىدىكى دىنىي شېئىرىيەت ۋە خۇشامەتچىلىك ئاساسىدىكى ئوردا ئەدەبىياتى قان بىلەن بويالغان خوجىلار ھاكىمىيىتى ھەم ئۇنىڭ دىنىي ئالدامچىلىقلىرىنى كۆچەپ مەدھىيىلەپ، شېئىرىيەت ئاسمىنىنى خىرەلەشۈرگەن ئىدى.

خىرقىتى، زەلىلى، نوبىتى ئەنە شۇنداق بۇرۇختۇملۇق مۇھىت ئىچىدە كىشىنگەن تۇلپارلاردەك جاھالەت ئۇيستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، خەلقنىڭ نىجاتلىقىقا بولغان ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۇردى[47].

خىرقىتى ــ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئىمىن خوجام قۇلى خىرقىتى 1634 ــ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تازغۇن يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، 1724 ــ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ ھايات چېغىدا ئاپئاق خوجىنىڭ بېغىدا باغۋەن، چىراقچى ۋە كاۋاپچى بولۇپ ئىشلىگەن.

خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ــ مېھنەتكامە» داستانى (1670 ــ يىلى يېزىلغان) ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى تىپىك لىرىك داستان.

شائىر داستاندا، پەقەت جاپا ــ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ تىرىشقاندىلا، ئاندىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرگەن.

داستاندا «باھار» (سابا)، «گۈل» ۋە «بۇلبۇل» سىمۋولى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يورۇقلۇق، ئادالەت، ئەمگەكچىلەرگە مۇھەببىتىنى؛ جاھالەت، زۇلمەت ۋە زالىملارغا بولغان نەپرىتىنى، يەنى رىئال ھاياتنىڭ بىر ــ بىرىگە زىت بۇ ئىككى تەرىپىگە بولغان ئۆز قەلبىدىكى ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلىگەن.

نوبىتى 17 ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 18 ــ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خوتەندە ياشىغان ۋەتەنپەرۋەر شائىر.

نوبىتى ئىجادىيىتىدە يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسىنى تاپقان. «خوتەننى» رادىفى بىلەن ئاخىرلىشىدىغان مەشھۇر غەزىلى بۇنىڭ گۈزەل ئۇخشىتىشلار بىلەن تولغان بىر نەمۇنىسىدۇر. نوبىتى ئۆز غەزىلىدە خوتەن ھەققىدە مۇنداق گۈزەل مەجازى ۋاسىتىلەردىن پايدىلانغان:

---

[47]«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ــ يىل نەشرى، 296 ــ بەت.

www.uyghurweb.net

خوتەننى

لەۋزىگە مانەن خىيال ئەت خوتەننى،
بېھىشتىن زىيادە مىسال ئەت خوتەننى.
خۇجەستە خاكى رەخمەت سۈرمىسى،
كۆزۈڭگۈ تۇتىيا خىيال ئەت خوتەننى.
پەرلەر بۇسەسى تۇرەپە شىرىندۇر،
ھۆرلەر لىۋىگە بال ئەت خوتەننى.
تەلئەتىگە خۇرشىد، كۆزلەرگە ئەختەر،
يادەك قاشىغە ھىلال ئەت خوتەننى.
مۇئەللىمىن ئاپاق پىنشىن سۆخەنگۇي،
تىفلىگە دەرسى ماقال ئەت خوتەننى.
جاھان شائىرلىرى گۈلشەنى باغى،
خەمسەڭگۇ قۇر باش ئىنتىسال ئەت خوتەننى.
سەن ھەم نوبىتى سىياھ روي ئېلىگە،
رەقىپلەر كۆزىگە زاۋال ئەت خوتەننى.
نوبىتىنىڭ مۇنۇ رۇبائىسىمۇ يۇقىرىقى شېئىرنىڭ كۆچەيتمىسى ھېسابلىنىدۇ:
مەككە زاھىرمەس، چۆشۈمدە ئەسلىدە كۆرمىگەچ،
ئىشقىسىزدۇرمەن ھەمىشە ئاڭا ئەسلى كۆيمىگەچ.
ئەۋۋەلى ھەم ئاخىرى قىبلە گاھىمدۇر خوتەن،
ئۆزگىسىگە بىنەزەرمەن، مەن خوتەندەك كۆيمىگەچ.
زەلىلى دەۋرى ئەدەبىياتىغا مۇنداق يەنە بىرقانچە شائىر ــ ئەدىب، تەرجىمانلارنى ساناپ كۆرسىتىش مۇمكىن.
18 ـ ئەسىردە ئۆتكەن شائىرلىرىمىزدىن «مەجلىسى» تەخەللۇسلۇق بىر شائىرنىڭ «دىۋانى مەجلىسى» دېگەن توپلىمى مەلۇم. ھىجرى 1175 ـ يىلى (مىلادى 1761 ـ يىلى) موللائەلەم شەھيارى «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستان يازغان. پىچان لۈكچۈنلۈك ئەھمەد خوجام نىياز ئوغلى (1717 ـ 1827 ـ يىللار) «زەۋزە خوزرا» («كۆكلەم باغ») ناملىق داستان يازغان. مەھزۇن خوتەنى «دىۋانى مەھزۇن» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى يازغان. قەشقەرلىك شائىر خىسلەتى «مۇشۇك بىلەن چاشقان» ناملىق داستان يازغان. پروفېسسور ك. بورۇكوپ مۇنداق دېگەن: «قوقان شائىرلىرىنىڭ ‹مەجمۇئەتۇل شوئىرا› ناملىق دىۋانىغا 19 ـ ئەسىردىكى شائىرى

www.uyghurweb.net

ئۆمەرخان دەۋرىدە ياشىغان قەشقەر شائىرى خىسلىتىنىڭمۇ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.»[48] قەشقەر يوپۇرغىنىڭ قۇندۇز دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان قەلەندەر 18 ـ، 19 ـ ئەسىرلەردە كۆپلىگەن لىرىك غەزەللەرنى يازغان. داڭلىق شائىر موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەننىڭ 1138 مىسرالىق «دىۋانۇ بىلال» ناملىق توپلىمى بار.

تارىخىي شەخسلەرگە بېغىشلانغان تەزكىرە ئەدەبىياتىمۇ خېلى راۋاجلانغان. مەسىلەن، مىلادى 1767 ـ يىلى، موللا مۇھەممەد ئابدۇلئەلىم ئىبنى ئاخۇن ئارزۇ مۇھەممەد (تەخەللۇسى «شائىر ئاخۇن») «ئىسلامنامە» ناملىق شېئىرىي ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەردە ئىككى شەيخنىڭ جۇڭغار ئۇيراتلىرى بىلەن بولغان كۈرەشلىرى بايان قىلىنغان. يەنە بىر نامەلۇم ئاپتور ئۇۋچىلىق توغرىسىدا 70 بابلىق «بازنامە» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ قالدۇرغان. 1790 ـ يىلى، خوتەنلىك موللانىياز «تەزكىرەئى ئىمام»، 1799 ـ يىلى قەشقەرلىك قاسىمى «تەزكىرەئى ئارسلانخان» داستانىنى يازغان. مۇھەممەد ئابدۇل ئىلى قەشقىرى 1800 ـ يىلى «تەزكىرەئى ھەزرەت موللام»نى، مۇھەممەد تۆمۈر قارىقاشى بولسا 1893 ـ يىلى «تەزكىرە تۇل رىشاد» ناملىق ئەسەرنى يازغان.

زەللى دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ چاغدا پەندى ـ نەسىھەت خاراكتېرىدىكى ئىلمىي ئەدەبىي ئەسەر يېزىش دولقۇنى قوزغالغان. ئاپتورلار ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ باش ـ ئاخىرى ياكى ئەسەرنىڭ ئۆزىنى گۈزەل شېئىرىي مىسرالار بىلەن لىرىك ئەدەبىي پارچىلار بىلەن بېزەپ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرغان. شۇنداقلا بۇ دەۋرجە پەننىڭ تۈرلۈك ساھەلىرى ئۈچۈنمۇ بەلگىلىك ئورۇن بېرىلىپ، بۇ ھەقتىمۇ ئەسەرلەر يېزىلغان. پىسسىخىكىسىغا ئەدەبىي زوق سىڭىپ كەتكەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى بۇ ئەسەرلەرنىمۇ ئەدەبىي ئۇسلۇبتا بايان قىلغان. پەندى ـ نەسىھەت ۋە ئىلمىي ئەسەرلەر جۈملىسىگە تۆۋەندىكىلەرنى كىرگۈزۈش مۇمكىن. ئاقسۇلۇق شائىر مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاھ خارابى (1638 ـ 1730 ـ يىللار) نىڭ «كۇللىيات مەسنىۋى خارابى» («خاراباتنىڭ نەسىھەتلىرى توپلىمى») دېگەن ئەسىرى بولۇپ، 13 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق شېئىردىن تۈزۈلگەن. قەشقەر ئاتۇشلۇق مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى 1787 ـ يىلى «سىدىقنامە» دېگەن ئەسەرنى يازغان. موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقىرى 40 بابلىق تەرجىمە ئەسەر «ئەخلاقۇل موھسىنىن» (ياخشىلارنىڭ ئەخلاقى) دېگەن ئەسەرنى ئىشلىگەن. مۇھەممەد ئىۋەز قارىقاشى 18 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىمى. ئۇ «مەختۇمى ئەزەم» ناملىق بىر تارىخىي كىتاب يازغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئۆز دەۋرىدە يۈز بەرگەن خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار خاتىرىلەنگەن. مۇھەممەد ئىۋەزنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» («ھۆكۈملەر يىغىندىسى») ناملىق ئەسەردۇر. بۇ 14 بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئاسترونومىيە،

---

[48]ھاجى ئەخمەت : «دېڭىز ئۈنچىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 107 ـ بەت.

www.uyghurweb.net

ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، خرونولوگىيە ۋە پسىخولوگىيە قاتارلىق پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[49]. 18 ــ ئەسىردىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى شۇكى، نۇرغۇنلىغان تەرجىمە ۋە تەقلىدىي ئۆزلەشتۈرمە ئەدەبىيات بارلىققا كەلدى. يەنى مۇنداق ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئىلگىرىكى كلاسسىكلارنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئىجادىي تەرجىمە قىلىنغان؛ بەزىلىرى نەزمە (شېئىرىي) شەكىلدە يېزىلغان داڭلىق داستانلاردىن نەسرى ئەسەرگە ئايلاندۇرۇلغان.

«كەلىلە ۋە دەمنە» دېگەن مەشھۇر ئەسەرنى (بۇ ئەسەر ئەسلىدە ھىندىستان پەيلاسوپلىرىدىن روشەن راي بىدە پاينىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئابباسى خەلىپىلىرىدىن ئەبۇ جەپەر مەنسۇر ۋاقتىدا، ئۇبۇل ھەسەن ئىبنى مۇقەففا قەدىمكى پەھلىۋى ــ پارس تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان، ۋائىزۇل كاشىغى بۇ ئەسەرگە «ئەنۋەر سۇھەيلە» دەپ نام بەرگەن. ھىجرى 1130 ــ يىلى (مىلادى 1717 ــ يىلى) قەشقەردە موللا مۇھەممەد تۆمۈر پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ئەسەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشىغا مۇھەممەد ئىمام بەگ سەۋەبچى بولغاچقا، تەرجىمان بۇ ئەسەرگە «ئاسار ئىمامىيە» دەپ نام بەرگەن. موللا مۇھەممەد تۆمۈر بۇ ئەسەرنى ئاددىيلا تەرجىمە قىلماستىن، ئىجادىي تەرجىمە قىلغان. ھۈسەيىن ئىبنى مۇسا تارسۇسى قەدىمكى پارس سۇلالىسى ئەخمەنىلەردىن پادىشاھ دارا ھەققىدە يازغان «داراپنامە» دېگەن قىسسىنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. سەيپۇلمۇلۇك ۋە بەدىئۇل جامال توغرىسىدا پارسچە يېزىلغان قىسسە «داستان سەيپۇلمۇلۇك» دېگەن نام بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىگەن. مىر پازىل موللا كىچىك ساقى 1737 ــ يىلى خاۋەند شاھنىڭ «زەۋزەتۇس ساپا» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنىڭ 1 جىلدىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا ھەيدەر گورگان 1545 ــ يىلى پارسچە يېزىلغان «تارىخ رەشىدى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى ھاجى يۈسۈپ ئىبنى موللا ئۇشۇر خەلپەم 1750 ــ يىلى قەشقەردە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان؛ بۇ نۇسخىدا بىرقانچە ئەدەبىي پارچىلار ۋە قىسسە ــ رىۋايەتلەر بار. 17 ــ ئەسىر ئاخىرىدا، مەھمۇت جاراسنىڭ «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى) ناملىق كىتابىدا، سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىت خاننىڭ بىرقانچە شېئىرلىرى قەيت قىلىنغان. موللا يۈنۈس يەركەندى 1755 ــ يىلى ئابدۇراخمان جامىنىڭ داستانىغا تەقلىد قىلىپ «داستان يۈسۈپ ــ زەلەيخا» ئەسىرىنى ئىشلەپ چىققان. مەرىپەتپەرۋەر شائىر ھەيئىتى «ئەزا تاراتماقنىڭ بايانى» دېگەن ئىلمىي كىتابنى نەزمە ــ نەسىر شەكلى بىلەن يازغان. بۇ شائىرنىڭ خوتەنلىك ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. يەركەنتلىك ئۆمەر باقى 1792 ــ يىلى ناۋايىنىڭ «پەرھات ۋە شېرىن» ھەم

---

[49] قادىر ئەكبەر: «مۇھەممەت ئىبۇز قاراقاشى» ۋە ئۇنىڭ «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» ناملىق ئەسىرى، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1984 ــ يىل 4 ــ ئاينىڭ 13 ــ كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن.

www.uyghurweb.net

«لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانلىرىنى نەسرىي شەكىلدە قىسسىگە ئايلاندۇرغان؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئالىم موللا سادىق يەركەندى «خەمسە ناۋايى»نى شېئىر شەكلىدىن نەسرىي شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ، مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگنىڭ نامىغا بېغىشلاپ، «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگ» دېگەن نەسرىي ئەسەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن[50]. خوجا ياقۇپ يەركەندى تەرجىمە ئەسىرى «چاھار دەرۋىش» ئەسىرىنى ئىشلىگەن. يەركەنلىك موللاخامۇشاخۇن نەسرىلەشتۈرۈپ ئىشلەپ چىققان «شاھنامە تۈركى» بارلىققا كەلدى.
17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردە نۇرغۇن ئەدىب ۋە تەرجىمانلار يېتىشكەنلىكى، يارىتىلغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپلۈكى ۋە مەزمۇنىنىڭ خىلمۇ ـ خىللىقى جەھەتتىن، بۇ دەۋرنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر گۈللەنگەن دەۋرى، دەپ ھېسابلاش مۇمكىن.
تۆۋەندە مۇشۇ دەۋردىكى مەشھۇر شائىر زەللى ھەققىدە توختىلىمىز.

## 2 ـ §. مۇھەممەد سىددىق زەللى

يالقۇنلۇق شائىر، رېئالىستىك ــ رومانتىك ئەدەبىياتنىڭ ئۇلغايتقۇچىسى مۇھەممەد سىددىق زەللى ئاپئاق خوجا ئۆلۈپ يەتتە يىلدىن كېيىن، يەنى 1700 ـ يىلى غالدانىنىڭ ئاكىسى سىڭگېنىڭ ئوغلى ــ سىۋانارابدان جەنۇبىي شىنجاڭنى يەنە بىر قېتىم دەپسەندە قىلغان، ئاپئاق خوجا ئەۋلادلىرى خانلىق تالىشىپ، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق ئۇرۇشلىرى ئېلىپ بېرىۋاتقان، جاھالەت چېدىغۇسىز دەرىجىدە چېكىگە يەتكەن چاغلاردا، ئۆزىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان گۆزەل شېئىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاسمىنىدا چاقناشقا باشلىدى.
زەللى 1674 ـ يىلى، يەركەندە نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان، 70 نەچچە ياشلارغىچە ياشاپ، 1759 ـ يىلى مانجۇلار (چىيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى) جەنۇبىي شىنجاڭنى پاراكەندىچىلىككە سېلىۋاتقان خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتىشتىن سەل ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتكەن.
زەللىنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغانلىرى 1720 ـ يىلى يازغان «سەپەرنامە» داستانى، «تەزكىرى چىلتەن» (1736 ـ يىلى)، «تەزكىرى خوجا مۇھەممەد شېرىپ» داستانى ۋە مۇخەممەس، مۇستەھزات، رۇبائىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەزەللىرى توپلىمى، بىرقانچە پارچە رۇكئات (ئۆزئارا يېزىشقان ئەدەبىي سالام خەت) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.
زەللىنىڭ ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئەسەرلەرنىڭ بىرى ئۇنىڭ «سەپەرنامە» داستانىدۇر.

---

[50]ئەدەبىي مىراس ھەم ۋەسىقىلىرىمىز»، «بۇلاق»، 1980 ـ يىل، 1 ـ سان.

www.uyghurweb.net

بۇ داستان ئۈچ قىسمغا بۆلۈنگەن، بىرىنچى قىسمى مۇناجات، يەنى تەڭرى، پەيغەمبەرلەرگە مەدھىيە ۋە ھەمدۇسانا ئوقۇپ، ئەۋلىيالار تەرىپى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىدۇ. ئىككىنچى قىسمى، ئۆز يۇرتى يەركەننىڭ تەرىپىنى قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر ۋە مەشھەتكە بولغان سەپىرىنىڭ بايانىنى سۆزلەيدۇ. ئۈچىنچى قىسمىدا بولسا، يەركەنگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى ۋە كېيىن ئىنىسى دەللى بىلەن خوتەن تەرەپكە قىلغان ساياھىتىنىڭ جەريانىنى يازىدۇ.

زەللى «سەپەرنامە»دە، گەرچە ئەۋلىيالار مازىرىنى زىيارەت قىلىشنى مەقسەت قىلدىم، دېسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلىي بايانى بۇ مەقسەتتىن ناھايىتى يىراققا ھالقىپ كەتكەن. بۇ ئەسەردە، شائىر ئۆزىنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى، كەزگەن شەھەر، يېزىلارنىڭ ئەھۋالى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئەسلىمىلىرى توغرىسىدا كەڭ بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا زەللى بەزىبىر تارىخىي ۋەقە ۋە شەخسلەر، مازار ـ ماشايىخ ۋە رىۋايەتلەر ھەققىدىمۇ، كۆرگەن جايلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى توغرىسىدىمۇ توختىلىپ ئۆتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا شائىرنىڭ دۇنيا قارىشى ئىخچام، يارقىن ئەكس ئەتكەن ئەھۋاللارمۇ بار.

رېيالىست شائىر ھەرقاچان خەلق بىلەن ھەمنەپەس، خەلق بىلەن تەقدىرداش بولىدۇ. ئۇنىڭ خەلق بىلەن يېقىنلىقى ئۇنى يەنىلا خەلق تۇرمۇشىنىڭ بۇلىقىغا ئېلىپ كىرگەن بولۇپ، داستاندا ئۇنىڭ خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولغان ئاۋازى كۈچلۈك جاراڭلايدۇ.

داستاندا باشتىن ـ ئاخىر شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ۋە ئەل سۆيەرلىكى چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن. شائىر تۇغۇلغان يۇرتى يەركەننى ئۇلۇغلاپ «شاھىن شاھ»، «بەخت كانى» دېسە، قارىقاشنى «ماچىننىڭ قۇياشى» دەيدۇ. شائىر ئۆز ئانا تۇپرىقىنىڭ تاشلىرىنى «مۇشكى سەمەندىن ئارتۇق»، يېزىلىرىنى «جەننەتتىن كۆركەم، سۇتلىسە شەربەت بېرىدۇ» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. شائىر ئۆزى مۇھەببەت قويغان گۈزەللەرنى كۆيلىگەندە، ئۇلارنىڭ ئەگمە قېشىغا زاھىتلار سەجدە قىلىدۇ، شەيخلەر بولسا بەدەر قاچىدۇ، دەپ يازىدۇ.

زەللى داستاننىڭ ئاخىرىدا، ئۆز غەزەللىرىدە كۈيلىگىنىدەك، بىۋاپا زاماندىن شىكايەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ پەقىر ـ غېرىب ھالىغا ئېچىنىدۇ.

داستان دەۋر چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بەزى نۇقسانلاردىن خالى ئەمەس. بۇلار پەقەت توغرا مۇئامىلە قىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

زەللى رېيالىست شائىر ئىدى، ئۇ ئەمگەكچى خەلقنى ئۇلۇغلاپ، زالىم مۇناپىقلارنى قامچىلايدۇ، باي ـ تۆرىلەرنى ئەررىمەس بىر خەس، دەپ قارايدۇ. شائىرنىڭ خوجىلار ئۆكتەملىشىپ كەتكەن ئاشۇ شارائىتتا، فېئوداللىق جەمئىيەت ئەزىز، دەپ قارىغان بەگ ـ تۆرىلەرنى خەسكە ئوخشىتىشى ۋە فېئوداللار تەرىپىدىن كەمسىتىلىپ، زۇلۇم ئوچىقىغا تاشلانغان دېھقانلار تەبىقىسىنى ئالەمگە ئىنچۇ چېچىپ، بايلىق ياراتقۇچى، ئوت ئالدىدىكى سەمەندەر، دەپ قارىشى

www.uyghurweb.net

فېئودالىزم ئىدىيىۋى ئاسارىتىنى بۆسۈپ تاشلىغانلىق بولۇپ، ئۇنى ئەينى زامانىدىكى يۈكسەك بىر ئىدىيىۋى پەللە دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

زەللىي بىر شېئىرىدا ئۆز ئىجادىيىتىنى باھالاپ مۇنداق يازىدۇ:

مۇناپىقلارغا بۇ مەيدان ئىچىندە،
تىلىمدۇر زۇلپىقار، ئەقلىم دۇلدۇل.
زەللىي شېئىرىدىن مۇرغى سەھەر خىز،
چىمەندە ئەيلەدى پەريادى غۇلغۇل[51].

زەللىي ئىجادىيىتى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا كۆزنى چاقنىتىپ، تۇرىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئوتلۇق مىسرالىق شېئىرلىرىنىڭ ئىلھامى بىلەن خوجىلار دەۋرىدىكى، جۈملىدىن ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نامىنى ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

تەكرارلاش سوئاللىرى

1. زەللىي دەۋرى ئەدەبىياتىدىكى ئەدىب، شائىرلاردىن كىملەرنى بىلىسلەر؟
2. نوبىتى، خىرقىتى ھەققىدە نىملەرنى چۈشەندىڭلار؟
3. زەللىي قانداق ئەسەرلەرنى يازغان؟
4. «سەپەرنامە»نىڭ قىسقىچە ئىدىيىۋى مەزمۇنى نىمە؟

## 14 ـ باب  نىزارى دەۋرى ئەدەبىياتى

### 1 ـ §. ئومۇمى بايان

تارىخ 19 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇشى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ يېقىنقى دەۋرى باشلاندى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مانجۇلار جۇڭغارلارنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىسيانلىرىنى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىپ، شىنجاڭدا تىنچلىق ئورناتتى. شۇنىڭ بىلەن نىسپى ھالدا ئىگىلىك ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. لېكىن فېئوداللىق زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ئاساسىدىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ خەلققە بەخت ـ سائادەت ۋە ئەركىنلىك بېرىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىگەن ئىستىبدات

[51] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، 207 ـ بەت.

www.uyghurweb.net

هۆكۈمرانلىقى ۋە يەرلىك ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرىنىڭ زۇلۇم ۋاستىلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ چىدىغۇچىلىكىنى قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىدا دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى كۆتىرىلدى. سىياسىي زۇلۇمغا، فېئودالىق ئاسارەتكە، مۇدھىش جاھالەتكە قارشى ئومۇمى خەلق ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئەدەبىياتقىمۇ ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتتى، شۇنىڭدەك شىنجاڭدا ئۇيغۇر خەلقىنى تەركى دۇنيالىققا باشلاپ، سوپىلىقنىڭ مەنىۋى زەنجىرلىرى بىلەن بوغۇشقا ئۇرۇنغان خوجا ـ ئىشانلار بىرمۇنچە بۇزغۇنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ۋەزىيەت جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات چاقىنى بىر مەزگىل كەينىگە چۆرگىلەتتى. ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن خەلقپەرۋەر ئەدىپلەر، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ئاشۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتتىن كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ياراتتى. شۇڭا يېقىنقى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىجادىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئىجتىمائىي ۋەقەلىكنى ھەرخىل ئەدەبىي ۋاستە بىلەن ئىپادىلىگۈچى تەنقىدىي رېئالىزم بولدى. جۈملىدىن ھەجۋىي ئەدەبىياتمۇ گۈللىنىشكە باشلىدى[52].

بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ ۋەكىللىرى قىلىپ ئابدۇرېھىم نىزارى، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى، زىيائى، مەھەممەت سادىق كاشغەرى، ئىمىر ھۈسەين سەبۈرى، زوھۇرى، گومنام، موللا مۇھەممەد نىياز، ئەرشى، مۇغەننى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

غېرىبى ــ ئىسمى تۇردۇش ئاخۇن بولۇپ، 1808 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. 1841 ـ يىلى «كىتاب غېرىب» دېگەن داستانىنى يازغان. بۇ ئەسەر جەمئىيەتتىكى ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارغا بېغىشلانغان بولۇپ، شائىر 19 ـ ئەسىردە قەشقەر رايونىدا مەۋجۇد بولغان ئىجتىمائىي ئىش ـ تەقسىماتى بويىچە 32 خىل كاسىپنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى، ئارتۇق ـ كەمچىلىكلىرىنى، ھەربىر كاسىپنىڭ ئۆز كەسپىگە ھەم خېرىدارغا تۇتقان مۇئامىلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. بۇ ئەسەر ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىياتىدا شۇ چاققىچە مەخسۇس تېما قىلىنمىغان ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنى ئەڭ بۇرۇن بەدىئىي ۋاستە ئارقىلىق شەرھلەپ بەرگەن[53].

قەشقەرلىك زىيائى شائىر بولۇپ، 1839 ـ يىلى «مەھزۇن ئەلۋاھىزىن» («مۇڭلۇق ۋەزلەر») ناملىق 4800 مىسرالىق بۇ شېئىرىي داستانىنى يازغان، يەنە بىر قىسىم خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن مۇھەببەت تېمىسىدىكى داستانلارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ چىققان.

مۇھەممەد سادىق قەشقەرى 18 ـ، 19 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان شائىر. ئۇ «تەزكىرە ئەزىزان» («ئۇلۇغلار تەزكىرىسى»)، «زۇبدەتۇل مەسائىل»، «تەزكىرە ئەسھابۇل كەھپ» قاتارلىق ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرنى يازغان.

---

[52]ئىمىن تۇرسۇن : «ئەدەبىي مىراس ۋە ۋەسىقىلىرىمىز».
[53]«بۇلاق»، 1980 ـ يىل، 1 ـ سانىغا قارالسۇن.

www.uyghurweb.net

ئىمىر ھۈسەيىن سەبۈرى ــ نەسىر ۋە نەزىم ئۇسلۇبىدا «ماقالەت» («ماقالىلەر») ناملىق بىر ئەسەر يېزىپ چىققان بولۇپ، بۇ ئەسەر ئەلىشىر ناۋايىنىڭ «مەنتىقۇتتەير» ناملىق ئەسىرىنى نەسرىي يول بىلەن بايان قىلىپ چىققان. ئۇ يەنە «ناۋايىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى توغرىسىدا» قاتارلىق بىرقانچە ئىلمىي ـ نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى يازغان[54]. ئۇ قەشقەرنىڭ قوغان يېزىسىدىن ئىدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتى بىلەن ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ كەتكەن شائىر گۇمنام 18 ـ، 19 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان. ئۇ كۆپلىگەن لىرىك غەزەللەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، ھازىر بىر دىۋانى بار. ئۇ:

ناھاجەت ھەججى ئەكبەر، كاشغەر ئىچرە زارىم بار.

دەپ ئۆزىنىڭ قەشقەرلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلسا:

مەزرەئى لۇتفى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشغە،

ئىشق ئېلىنىڭ قىبلەگاھىدۇر مەزارى كاشغەر.

دەپ ئۆز يۇرتىنى ھۆرمەت بىلەن مەدھىيىلەيدۇ[55].

نىزارى دەۋرىدە يالغۇز تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرى ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، بەلكى ھۆكۈمران تەبىقىدىكى بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرمۇ ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ روھىي كارتىنىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

قەشقەردىكى يەرلىك بەگ زوھۇردىن ھاكىم بەگ كۆپلىگەن ئىلمىي خادىملارغا، شائىرلارغا ياردەم قولىنى سوزۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىنى قوللاش بىلەن ئۆزىمۇ بۇ ساھەدە ئىزدەنگەن تەرەققىيپەرۋەر شائىر ئىدى. ئۇ 1830 ـ يىلىدىن 1840 ـ يىلىغىچە، قەشقەرنىڭ يەرلىك ھۆكۈمرانى بولغان. ئۇ زوھۇرى تەخەللۇسى بىلەن بىر قىسىم شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭ ھازىرغىچە «دىۋان زوھۇرى» ناملىق بىر شېئىرلار توپلىمى يېتىپ كەلگەن[56]. زوھۇرى شېئىرلىرىدا كۆپ قېتىملاپ، ئۆزىنىڭ گەرچە «شاھ»، «تاج ئىگىسى» بولسىمۇ، «يەنىلا پەقىرلىق»نى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگىنىگە قارىغاندا، كۆڭلى ئەمگەكچى خەلققە مايىل بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز.

نىزارى دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ كۆرۈنەرلىك بىر ئالاھىدىلىكى ساتىرىك ئەدەبىيات ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا جۇلالىنىشقا باشلىدى. بۇ، ئەدەبىياتنىڭ خىلمۇخىل تېمىلارغا قاراپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىدىن بىشارەت بېرەتتى. بۇنداق ئەسەرلەرگە قارىغاشلىق دىلبەر دورغىنىڭ

---

[54]«بۇلاق»، 12 ـ سانغا قارالسۇن.

[55]«بۇلاق»، 1981 ـ يىل 3 ـ سانىغا قارالسۇن.

[56]«بۇلاق»، 11 ـ سانىغا قارالسۇن.

www.uyghurweb.net

«مەزلۇملار ئاھى» ۋە ئەھمەد شاھ قارىقاشىنىڭ «ئات ھەققىدە مۇخەممەس»نى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

دىلبەر دورغىنىڭ 21 كۇبلېتتىن ئىبارەت «مەزلۇملار ئاھى» ناملىق مۇخەممىسى 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تەڭسىزلىك، خەلقنىڭ ئاھۇ ـ زارىنى مەلۇم تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى بىلەن قىممەتلىك[57].

ھەجۋى تىلىنىڭ ئۆتكۈرلۈگى، بەدىئىلىگىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، نامەرتلىكنىڭ كىلىشتۈرۈپ كاچاتلانغانلىقى بىلەن بىرقانچە يۈز يىلدىن بىرى جامائەتچىلىك ئىچىدە خېلىلا زور تەسىر قالدۇرۇپ كېلىۋاتقان «ئات ھەققىدە مۇخەممەس» ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ساتىرىك شېئىر ژانىرى ساھەسىدە ۋەكىللىك ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئاپتورى ئەخمەتشا خوتەنىنىڭ قارىقاش ناھىيىسىدىن بولۇپ، 18 ـ، 19 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان، كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان، ھازىر ئۇنىڭ بۇ مۇخەممىسىدىن باشقا «مېۋىلەر مۇنارى.»[58] ناملىق شېئىرى مەلۇم.

ئەخمەتشا قارىقاشى دوستى ئەۋەتكەن ئامانەت ئاتنى تۆۋەندىكى مىسرالاردا كىلىشتۈرۈپ ھەجۋى قىلىش بىلەن جەمئىيەتتىكى نامەرتلىكنى، كاززاپلىقنى ئەيىپلەيدۇ:

ئايان ئەيلەي ساڭا ئەمدى بۇ ئاتنىڭ ئەيىبىنى ئاڭلا،
قىڭا قۇيرۇق، سىڭا سۆڭگەچ، پۇتى مايماق بويى لاڭقا.
بىرى تەپكەك، بىرى ھۈركەك، بۇ ئەيىبلەر ئۇستىگە ماڭقا،
سامانى بەش كۆشۈك، يەپ ھەر قەدەمدە بىر تۇرۇپ ساڭقا،
بۇ ياڭلىغ ئات يەنە ھەرگىز تېپىلماس ھېچ ۋىلايەتتە[59].

بۇ دەۋردە يەنە «ئەشئار سادىق» («سادىق شېئىرلار»)، «ئىلىك خانلار توغرىسىدا داستان» يازغان ئەيمەن، «مەلىكە كىتابى» (يەنى خەلىل شاھزادە بىلەن ئەججەر پادىشاھنىڭ قىزى توغرىسىدا قىسسە ھەم ئۇلارنىڭ مىڭ بىر سوئالغا ئابدۇلئەلىمنىڭ جاۋابى) دېگەن ئەسەر يازغان «مىسكىن بىچارە» قاتارلىق شائىرلار ئۆتكەن. بۇلاردىن باشقا 1829 ـ يىلى، ئىلىك خانلارنىڭ كۈرەشلىرى توغرىسىدىكى «تەزكىرەئى بوغراخان» دېگەن شېئىرىي، تارىخ، نەسرىي يول بىلەن يېزىلغان «ئىسكەندەرنامە»؛ «يار ـ يار» ناملىق بېيىتلار توپلىمى، «بۇلبۇل گۈلشەن ناۋايى» (ماھمۇنىر، بەھراز شاھزادىسى ۋە سودىگەر ئەبۇ نەسىرنىڭ قىزى خوپ چېھرى ھەققىدىكى مۇھەببەت رومانى)، شاھ مۇھەممەد ئىبنى خوجا نىزامىدىن تەرىپىدىن فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدىن «تەرجىمەئى شاھنامە» دېگەن نام بىلەن پارچىلار نەسرلەشتۈرۈلۈپ تەرجىمە قىلىنغان؛ بۇ تەرجىمىنىڭ 1837 ـ يىلى قارىقاشلىق موللاسۇلتان

[57]«بۇلاق»، 1982 ـ يىل، 2 ـ سانىغا قارالسۇن.
[58]«يېڭى قاش تېشى» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىل، 3 ـ سان.
[59] «بۇلاق»، 1980 ـ يىل، 1 ـ سان، 168 ـ بەت.

موللا قىزى كۆچۈرگەن نۇسخىسىدا، كايۇمارستىن ئەردەشىرنىڭ ھەپتادقا يۈرۈشكىچە بولغان ۋەقەلەر، يەنە بىر نۇسخىسىدا بولسا دىۋە ئەكۋەندىن ئەردەشىر باباكانغىچە بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. نامەلۇم تەرجىمان تەرپىدىن «داستان مهروماه» (خاۋەر شاھ ئوغلى مىھر بىلەن ئافرىقا ھۆكۈمدارىنىڭ قىزى ماھنىڭ ئاشىق ـ مەشۇقلۇغى توغرىسىدىكى قىسسە) پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان؛ موللا سەنجار ئىبنى ئىبارھىم قەشقىرى «بەختىيارنامە» دىن 10 ھېكايە ئېلىپ، خەلق ئارىسىدىن ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى توپلاپ، 1849 ـ يىلى «جامئۇل ھېكايەت» («ھېكايىلەر توپلىمى») نى تۈزۈپ، ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرگەن.
19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى گۈللەنگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى ئابدىرېھىم نىزارى بولۇپ، ئۇنى شۇ دەۋر ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ ئېيتالايمىز. شۇڭا بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنى «نىزارى دەۋرى ئەدەبىياتى» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىسىنى خاتىرىلەيمىز.

## 2 ـ §. ئابدىرېھىم نىزارى

ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىدا رېيالىستىك ئەدەبىياتنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرگەن شائىر ئابدىرېھىم نىزارى قەشقەر شەھىرى بۇلاق بېشى مەھەللىسىدە 1770 ـ يىلى ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۆمرىنىڭ 60 يىلىنى ئوقۇش، ئوقۇتۇش، كاسىپلىق ۋە كىچىك كۆلەمدىكى ئىجادىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، پەقىرلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن. شائىرنى 1830 ـ يىلى زوھۇرىدىن ھاكىم بەگ ئۆز ئوردىسىغا ئالدۇرۇپ، مىرزا (كاتىپلىق) خىزمىتىگە تەيىنلىگەن. ئۇ بۇ خىزمەتتە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلىگەن (10 يىل). بۇ شائىر ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولدى.
نىزارى 1837 ـ يىلدىن باشلاپ، مۇھەببەت تېمىلىرىغا بېغىشلانغان بىر قىسىم داستانلارنى يېزىشقا باشلاپ، 1838 ـ يىلى تاماملىغان.
«رابىئە ـ سەئدىن» نىزارى ئىجادىيىتىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر بولۇش بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆزگىچە خاس تەسىرى بىلەن بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدۇ.
داستان ئەينى چاغدا قەشقەرنىڭ كۆكچى يېزىسىدا يۈز بەرگەن ھەقىقىي ۋەقە ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئوتتۇرا ھال باي ياقۇپنىڭ قىزى رابىئە بىلەن كەمبەغەلنىڭ ئوغلى سەئدىنىنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىگە بېغىشلانغان.
نىزارى ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلدى. فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن قامچىلاپ، رابىئە بىلەن

www.uyghurweb.net

سەئدىندىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ ساپ، سەممىي مۇھەببىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلارغا باتۇرلۇق بىلەن قارشى تۇرغان يۈكسەك ئەخلاقى ــ پەزىلىتىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ.

رابىئە بىلەن سەئدىن ئوبرازى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇلارنىڭ ۋىسال ئارزۇسىغا يېتەلمەي، فېئودالىزىمنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى قاتمۇ ــ قات زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ئېچىنىشلىق ھالاك بولغا ن سان ــ ساناقسىز قىز ــ يىگىتنىڭ ئورتاق تەقدىرىنى ئەكس ئەتتۈردى.

رابىئە ــ ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى. ئۇ ئۆز خاراكتېرى ۋە پەزىلەتلىرى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. رابىئە فېئودالىزىمنىڭ روھىي ئىسكەنجىسىگە قارشى دەس تۇرغان، ئۆز سۆيگۈسىگە سادىق، ئىرادىلىك قىز. ئۇ گەرچە باي ئائىلىدىن بولسىمۇ، لېكىن مېھنەتخۇمار، جاپاكەشلەرگە ھېسداشلىق قىلىدۇ، ئۇلارغا ئېچىنىدۇ. شۇڭا بايۋەتچىلەرگە نەزەر ــ گۆزىرىنى سالماي، سەئدىنىنىڭ ئەمگەكچىلەرگە خاس پەزىلىتىدىن دەسلەپ قىلىپ بەھرى ئالغۇچى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنى ھاقارەتلەنگەن، كەمسىتىلگەن بولۇشىغا قارىماي يۈكسەك دەرىجىدە ھۆرمەتلەيدۇ. سەئدىنگە مۇئامىلە قىلىشتا، رابىئەنىڭ دادىسى ۋە رابىئەنىڭ ساپ مۇھەببىتىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىۋاتقان جابىر ۋەكىللىك قىلغان فېئودالىزم جەمئىيىتى بىر تەرەپتە يالماۋۇزدەك تۇرغان بولسا، رابىئەنىڭ ئۆزى مېھرىبانلىق ۋە مەھلىيالىق بىلەن قاراپ تۇردى.

رابىئە جابىرنى ئۆزىگە دۈشمەن دەپ قاراپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا، ئەمگەكچىلەرگە بولغان سەممىي كۆيۈنۈشتە، ھېسداشلىق ھەم مۇشەققەتلىك پەيتلەردە، كۆڭۈل بەرگەن سەئدىننى ئۆزىگە ھەقىقىي يارەمچى، دەپ قارايدۇ.

ر ابىئە ــ ھەقىقىي مۇھەببەتكە ھەم ئەركىنلىككە تەلپۈنگۈچى پاك، ۋىجدانلىق قىزلارنىڭ ئوبرازى بولۇپ، فېئودالىزمغا قارشى ئىسيانكارلىق روھ رابىئەنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشتا تۈپ مەسىلە بولۇپ قالغان.

رابىئە دادىسىنىڭ ئۆزىنى پومششىك جابىرغا مەجبۇرى ياتلىق بولۇشقا قىستىغانلىقىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەيدۇ:

سېنىڭ كارىڭ ئۆلدى جاپاكارلىق،

كى يوق سەندە ھەرگىز ۋاپادارلىق.

سەئدىن ــ ئەركىنلىككە تەشنا بولغان پاك مۇھەببەت ئىگىسى. ئۇ نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان. شۇڭا ۋۇجۇدىغا مېھنەتكەشلەرگە خاس ئىشچانلىق، كەمتەرلىك، بىر سۆزلۈك بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەر كۆزگە ئېنىق چېلىقىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، غۇربەتچىلىك سەئدىندە فېئودالىزمغا قارشىلىق روھىنى كۈچەيتكەن.

دەۋر چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، سەئدىن رابىئە بىلەن ئۆمۈرلۈك بىرگە ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلسىمۇ، فېئودال كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئاياق ـ ئاستى قىلغاندا، ئۇ بۇلارغا قارشى دادىل كۈرەش قىلمايدۇ. پەقەت ھەسرەت چېكىپ، نارازى بولۇش بىلەن چەكلىنىپ، دەرد ـ ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆلۈپ  كېتىدۇ. ئۇنىڭ قاتىلى فېئودالىزمدىن ئىبارەت ئىدى، ئەلۋەتتە.

شائىر فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ كىشىلەرگە بولغان ۋاپاسىزلىقىنى داستانىنىڭ خاتىمىسىدە ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن گۈل ـ گىياھ تەسۋىرى، ئۇچار قۇشلار تەسۋىرى ۋە باشقا تەسۋىرىي ئوبرازلار ئارقىلىق سۈرەتلەپ، كىشىلەردە فېئودالىزمغا قارىتا كۈچلۈك نارازىلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ.

داستانىنىڭ خاتىمىسى مۇنداق ئىدى:

ئەگەر نەچچە تۇتساڭ تېمىزماي ئىچەي،
ۋاپاسىز جاھانىنىڭ بارىدىن كېچەي.

تەكرارلاش سوئاللىرى

1. نىزارى دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى قىسقىچە بايان قىلىڭلار.
2. نىزارى دەۋرى ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى مۇھىم ئەدىپلەردىن كىملەرنى بىلىۋالدىڭلار؟
3. «رابىئە ـ سەئدىن» داستانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى قىسقىچە بايان قىلىپ بېرىڭلار.

www.uyghurweb.net

## 15 ـ باب  مولla بىلال دەۋرى ئەدەبىياتى

### 1 ـ §. ئومۇمى ئەھۋال

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، شىنجاڭ رايونىدا مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيىسىگە قارشى كەينى ـ كەينىدىن قوزغىلاڭ كۆتىرىلدى. بۇلارنى، ئاساسەن، دېھقانلار ۋە شەھەردىكى مېھنەتكەش خەلق قوزغىغان بولۇپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكى ئومۇمەن دېگۈدەك دىنىي روھانىيلارنىڭ قولىدا ئىدى، بىرقانچە جايدا دېھقانلار ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى قۇردى، ياقۇپ بەگ ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى مېۋىلىرىنى تارتىۋالدى. ئىجتىمائىي ۋەقەلەر تەبىئىي يوسۇندا ئەدەبىياتقىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ ھەجۋىي ژانىرى تەرەققىي قىلدى. بۇ دەۋردە چىققان شائىرلىرىمىز قەلەملىرىنى بىۋاستە فېئودال ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىغا قارىتىشتىن ئەيمەنمەي، ئۇنىڭ چىرىك ئەكسىيەتچىل سىياستىنى ھەسسىلەپ ئىشقا ئاشۇرىدىغان، يەنى «دوپپىسىنى ئال دېسە، كاللىسىنى ئالىدىغان» مەھەللىۋى قولچوماقلىرىغا قاراتتى. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى مولla شاكىرنىڭ «زەپەرنامە»سى، سېيىت مۇھەممەتنىڭ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈش تارىخى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «شەرھى شىكەستە» (1882 ـ يىل)ناملىق شېئىرىي داستانى، خوتەنلىك مەھمۇت ئەلەمنىڭ «خوتەن تەزكىرىسى»، يەركەنتلىك شائىر خەستەنىڭ «كوللىياتى خەستە»، قەشقەر تاشمىلىقلىق ھاجى يۈسۈپ (1836 ـ 1914 ـ يىللار) نىڭ «جامىئۇتتەۋارىخ» (1907 ـ يىل)، مولla مۇھەممەد توختى ئىمام يەركەندىنىڭ «تەزكىرەئى بەدۆلەت ئىسلامنامە» ناملىق ئەسەرلىرى، يەركەنتلىك مولla مۇھەممەد كىرىمنىڭ «بەدۆلەتنامە»، تۇرپانلىق شائىر روزىمەتنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

مولla شاكىر 1863 ـ يىلى 61 يېشىدا «زەپەرنامە» ناملىق 3820 مىسرا بىلەن ئاخىرلىشىدىغان شېئىرىي داستانىنى يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەردە ئاقسۇ خەلقىنىڭ مانجۇ ئىستىبداتچىلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆتىرىلىشى ۋە قەھرىمانلارچە ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى تەسۋىرلىنىدۇ، قوزغىلاڭ يېتەكچىلىرىدىن راشىدىن خوجا قاتارلىقلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەندىن باشقا، ئاپتور يەنە بۇ ئەسەردە سايىت ھېكىم بەگكە ئوخشاش سەلبىي تىپ ئارقىلىق خەلق دۈشمەنلىرىنىڭ جىنايەتكارانە قىلمىشلىرىنى پاش قىلىدۇ، مانجۇ

www.uyghurweb.net

ئىستىبداتچىلىرىنىڭ يەرلىك ساتقۇنلاردىن پايدىلىنىپ، ئەمگەكچى خەلقنى قاتتىق ئېزىپ، خانىۋەيران قىلغانلىقى ھەققىي پاكىتلار بىلەن ئېچىپ تاشلىنىدۇ[60].

2 ـ §. موللا بىلال

«غەزەلىيات» ناملىق تىلى گۈزەل، پىكرى چوڭقۇر، ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئىلغار بولغان شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئاپتورى موللا بىلال 1823 ـ يىلىدىن 1899 ـ يىلىغىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ماكانى غۇلجىدا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر شائىرى. شائىرنىڭ تولۇق ئىسمى موللا بىلال موللا يۇسۇپ بولۇپ، ئەدەبىي تەخەللۇسى «نازىمى» ئىدى، ئۇ يوقسۇل ئائىلىدە تۇغۇلغانلىقى، تۇرمۇشنىڭ غۇربەتچىلىكىگە باش ئەگمەي، كىچىكىدىن ئوقۇشقا ھەۋەس باغلاپ، ئەدەبىياتنى ئۆگىنىدۇ. ئۆز زامانىسىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى، خەلق ئەدەبىياتىنى، باي كلاسسىك مىراسلارنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنىدى ۋە زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرىغا بىۋاستە ئىشتىراك قىلدى. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا يېقىن بولغاچقا، خەلق ناخشىلىرىغا ئايلىنىپ، «نازىمى» نامى بىلەن تاكى ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

شائىر ياشلىق دەۋرىدىكى شېئىرلىرىنى توپلاپ، «غەزەلىيات» («غەزەللەر توپلىمى») ناملىق توپلامغا كىرگۈزگەن.

موللا بىلال «تەيپىڭ تيەنگو» ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن 1867 ـ يىلىدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئىشتىراك قىلدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە «كىتاب غازات دەرمۈلك چىن»، («چىن مەملىكىتىدە بولغان مۇقەددەس جەڭ ھەققىدىكى كىتاب») ناملىق شېئىرىي ئەسەرنى يېزىپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى بىرقەدەر رېئاللىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن تارىخىي، ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە شېئىرىي جەڭنامىدۇر.

شائىر «نۇزۇگۇم» ناملىق داستانىدا خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ نامايەندىلىرىنى ئىجابىي قەھرىمان سۈپىتىدە جانلىق تەسۋىرلەپ، خەلقنىڭ ئازادلىققا، ئەركىنلىككە ۋە بەخت ـ سائادەتكە بولغان تەشنالىقىنى ۋە قايناق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى.

«چاڭ موزا يۇسۇپخان» ناملىق ساتىرىك ئەسىرىدە بولسا، چەتتىن كىرگەن ئالدامچى، قارانىيەت بىر سوپىنى پاش قىلىپ، قاتتىق ئەيىپلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەينى دەۋردە، شىنجاڭ رايونىدا ئاغدۇرمىچىلىق ۋە ئايەت خاراكتېرىدىكى بۇزغۇنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ھەرمىللەت خەلقى ئۈچۈن ئېغىر بالايى ـ ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن رىياكار سوپىلارغا بولغان

60 «بۇلاق»، 1980 ـ يىل، 2 ـ سان.

ئۆچمەنلىكنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭدەك خەلق ئاممىسىنى نادانلىق ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالماسلىققا ۋە نادانلىقنىڭ قۇلى بولماسلىققا، يۈسۈپخان چاڭ موزىغا ئوخشاش ئىككى يۈزلىمە، ئالدامچى، سۈيىقەستچىلەردىن ئالاھىدە ھوشيار بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

دېمەك، موللا بىلال 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يالقۇنلۇق شېئىرلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن، تەسىرى چوڭقۇر بولغان ئۇيغۇر شائىرى.

تەكرارلاش سوئاللىرى

1. موللا بىلال دەۋرى ئەدەبىياتى ھەققىدە قانداق چۈشەنچىگە كەلدىڭلار؟
2. موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» سىدە نېمىلەر ئەكس ئەتكەن؟
3. موللا بىلالنىڭ ئىجادىيىتىدىن نېمىلەرنى چۈشىنىۋالدىڭلار؟